# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



1

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

1999 - يىل 1 - سان

16 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 46 - سان


## ※مۇندەرىجە※

### ھۆججەتلەر


جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى يولداش خولجىننىڭ
شىنجاڭدا ئېچىلغان تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ................. 1

تەزكىرىدىن پايدىلىنايلى ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى ............................ بەي يۇشى 5

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاقسۇ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى...... 11

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1999 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .................. 12


### تارىخ سەھىپىسىدە


ماشاۋۇ بىلەن ماشىمىڭ تۈزۈشكەن بىرتەرەپلىمە سۈلھى توختامى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 15

تارىختىكى كېڭەش مەجلىسى — «قۇرۇلتاي» ..................... مەخمۇت ئابدۇۋەلى 19

ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بېشبالىق .................... ئەخمەت سۇلايمان، ھەبىبۇللا 21

كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ................ ئەركىن مۇھەممەت 24

ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى ..................... توختى ئىبراھىم 26

جەڭگاھتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم ..................... شەمسىدىن سوپىيوف 30


### كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى


فامىلىمىزنى خىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرنەچچە تەكلىپ ..................... ئەخمەت روزى توغرۇل 35

سەددىچىن، بوغدا، توپئاتار، فۇكاڭ دېگەن يەر ناملىرى توغرىسىدا ..................... ئىمىن تۇرسۇن 40


### مەشھۇر شەخسلەر


ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى ..................... شاكەرىم ئەكرەمى 42


### شىنجاڭدىكى كەسىپلەر


ئەتلەسچىلىك ..................... ۋارىس تېكىن 50

كارىز، كارىز قېزىش ئەسۋاپلىرى ۋە كارىزچىلىقتا ئائىت ئاتالغۇلار ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش. . . پەرھات كازىمى 54


### جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى


Ⅵ باب مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى ..................... 59



مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابدۇرۇپ ئېلى
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇرۇپ ئېلى،
ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم غوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى،
غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم غوجا، قۇربان
مامۇت، مەھەممەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئۇرخۇن

46

# جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى يولداش خۇلىجىنىڭ شىنجاڭدا ئېچىلغان تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

بۇ بىرنەچچە كۈندە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇدىر بەي يۈشىنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ۋە ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردىن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ سۆزلىرىنى ھەممە گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئىلھاملاندىم ۋە نەتىجە ھاسىل قىلدىم. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھايىتى نەتىجىلىك بولغانلىقىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كۈچلۈك، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بوپتۇ.

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىشىمىزدىن مەقسەت يەنىمۇ ئەھۋال ئىگىلەش، كۆپچىلىكتىن ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىلەرنىڭ ياخشى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىڭلارنى يەكۈنلەپ، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىك ۋە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۈگۈن مەن ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئۆز تەسىراتىمنى ۋە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا يولداشلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

1. شەكلى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى مول بولغان تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئورنىنى ۋە تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىل تۇتماقچى بولغان مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا تەزكىرە تۈزىدىغان ئورۇنلار چوقۇم ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ يېڭى تېما. يولداش لى تيېيىڭ بۇ يىل مەملىكەتلىك تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز مۇشۇ قېتىملىق يىغىنغا پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتىمىز. مەملىكەت بويىچە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن 2000 ـ يىلغا بارغاندا مەملىكەت بويىچە 6000 دىن ئارتۇق تەزكىرە كىتابى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزۈلۈپ بولىدۇ. ھازىر پۈتكۈل تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نەشر قىلىنىپ بولدى. قالغان قىسمىمۇ تۈزۈلۈپ نەشر



قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىدىكى ئەڭ زور نەتىجە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر قېتىملىق ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتى شۇنداقلا ئىلمىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك تارىخى ھەتتا جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى مىسلىسىز ئۇلۇغ پائالىيەت. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز مۇشۇ غايەت زور ھەم مول نەتىجىلەرنى يېزىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ يوشۇرۇن فۇنكسىيىسىنى ۋە ئۇنۇمىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى يەنىمۇ ئويلىشىشتىن ئىبارەت.

بىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن تەزكىرە تۈزۈش بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا چوقۇم تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىر خىزمەتنىڭ 2 ئورگانىك قىسمى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. تەزكىرە كىتابى خۇددى تاۋارغا ئوخشايدۇ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىن مەقسەت بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، شۇنىڭدەك جەمئىيەتنى ئىستېمال قىممىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئەگەر نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جۇغلاپ بىرنەچچە يىل ھەتتا نەچچە 10 يىل جاپا تارتىپ تۈزۈپ چىقىلغان تەزكىرە كىتابلىرى ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلسا، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىسا ياكى پايدىلىنىلمىسا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىسراپ بولغان بولىدۇ. تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن مەقسەت جەمئىيەتكە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولغان بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان - قاندۇرالمايدىغانلىقىنى تەكشۈرتۈشتىن ئىبارەت. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، گەرچە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى بولسىمۇ، لېكىن يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ زادى قانداقلىقى ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ. چۈنكى تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئەمەلىيىتىدە يەكۈنلەنگەن تەجرىبە - ساۋاقلار قىممەتلىك، بۇ تەجرىبە ساۋاقلار تارىخ يېزىش، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ئۆرنەك قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈرتكىلىك رولىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇڭلاشقا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى جەمئىيەتكە يەنىمۇ تونۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ئۇنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جايلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى پائال قوللىشى ئارقىسىدا، تەزكىرە كىتابلىرى ئوڭۇشلۇق تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىمۇ ئوخشاشلا جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا مۇھتاج، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە پايدىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بۇ ئارقىلىق نەمۇنىلىك رول ئويناپ، ئاممىنىڭ تەزكىرىدىن ھەرخىل شەكىللەر

بىلەن پايدىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. بىز ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتىمىز.

2. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇ خىزمەتنى پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش كېرەك، بۇ جەھەتتە كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋە قاراپ بېقىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنى ئارتۇقچە ئىش، باشقا ئىشلىرىمىز ئېغىر دەپ ئارقىغا سۆرەشكە، ئۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزگە چىقىش، گۇرۇپپىلار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، قەيەردىكى تەزكىرە ئىشخانىلىرى پائال ئالغا ئىنتىلىپ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، شۇ جاينىڭ خىزمىتى جانلىق قانات يايغان، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولغان. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىغا خۇددى تەزكىرە تۈزۈش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بېرىشىنى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك ئورۇنداشتا، تەزكىرىچىلىك سېپىدىكى يولداشلارنىڭ يۇكسەك قىزغىنلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ، جاپالىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، 2000 - يىلغىچە 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش تەلەپ قىلىندى. 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەملىكەت بويىچە 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالىغا ئائىت ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەملىكەت بويىچە 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 6284 تومنى نەشر قىلىش پىلانلانغانىدى، ھازىر 3095 توم نەشردىن چىقتى، بۇ ئومۇمىي پىلاننىڭ %49.25 ىنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ تېخى ئارار يېرىمى ئورۇندالغان، باشقا خىزمەت ۋەزىپىلىرى يەنىلا خېلى جاپالىق. بۇ ھال تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇنلاردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قەدەمنى تېزلىتىپ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قاتتىق تىرىشقاندىلا، ئاندىن بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى پىلان بويىچە سۈپەتلىك ئورۇندىغىلى بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىش قىلغاندىلا ئاندىن مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئارقىغا سۆرىمەي، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

3. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ياخشى خۇلاسىلەش كېلەر قېتىملىق تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم ئىزچىللىقا ئىگە سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، يولداش لى تىيېيىڭ «ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تاماملانغان كۈنى كېلەر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ باشلانغان ۋاقتىدۇر» دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان جايلار نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۇنى قۇرۇلما، مەزمۇن، ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆپ قاتلام، كۆپ نۇقتا بويىچە ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، بۇگۈنمىزدىن شۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، پارتىيە 15 قۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي يەكۈننى يېتەكچى قىلىپ، تەزكىرە كىتابىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ نەدىلىكىنى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش سەۋەبى، يېتەرسىزلىكى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە

ساۋاقلارنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ تەزكىرە كىتابى ھەققىدىكى پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى كۆپلەپ ئاڭلىشىمىز كېرەك. ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى تەلىپى بويىچە كېلەر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

4. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش باشلانغان چاغدا، يولداش خۇ چياۋمۇ يېڭىچە تەزكىرىلەر بىلەن كونا تەزكىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش خۇ چياۋمۇنىڭ بۇ سۆزى نۆۋەتتىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، كىتاب سانىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى، شۇنىڭدەك بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە زامانىۋى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزدە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ بايان قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت. ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئېلىمىز ھازىر يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە، يېزا جەمئىيىتىدىن شەھەر جەمئىيىتىگە، بىرلا خىل جەمئىيەتتىن كۆپ خىللاشقان جەمئىيەتكە قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىنىۋاتقان ئۇلۇغ دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئەگەر بىز بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر ھەم توغرا خاتىرىلىيەلىسەك، ئۇ ئەۋلادلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ بۇرچنى ئۈستىمىزگە ئېلىشتا، چوقۇم نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئۆگىنىشىمىز ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، دەۋر بىزگە يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچنى ئورۇندىيالمايمىز.

يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزىدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاش ۋە ئويدۇرۇشقا دائىر ھەر خىل سەپسەتىلەرنى، يەنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى بۇرمىلاش ۋە ئويدۇرۇشقا دائىر سەپسەتىلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلار تەرغىب قىلغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش توغرىسىدا داۋراڭ سېلىشتىن ئىبارەت مىللىي بۆلگۈنچىلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە سىياسىي مۇددىئانى ئېنىقلاشقا پايدىلىق. بىز چوقۇم بۇ خىل خاتا ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە سىياسىي مۇددىئانى پاش قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشىمىز، ئۇنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىنى تازىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى ياخشى ئۆگەنمىسەك ۋە تەتقىق قىلمىساق، باش شۇجىنىڭ يوليورۇقىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرالىشىمىز، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ۋە رېئال مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلالىشىمىز ۋە تەتقىق قىلالىشىمىز، شۇنداقلا سۈپەتلىك تەزكىرە كىتابىنى يېزىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز نەزەرىيىۋى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆز ساپايىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشىمىز كېرەك.

# تەزكىرىدىن پايدىلىنايلى ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

## — ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي يۇشى

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۈگۈن ئاياغلىشىدۇ. تۆۋەندە مەن 2 مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن:

### 1. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئالماشتۇرۇلغان تەجرىبىلەر توغرىسىدا

1996 - يىلى 11 - ئايدا بىز ئۈرۈمچىدە بىر قېتىم «تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىپ، يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تەتقىقات تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە بۇ تېما ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق. يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان تەزكىرىچىلەرنىڭ تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىم، شۇنداقلا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا. بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك خىزمەت. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەمەلىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پائالىيىتى جەھەتتىكى كۆرەك ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت. يىغىندا كۆپچىلىك تونۇشتۇرغان ۋە ئالماشتۇرغان تەجرىبىلەرنى مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ماددىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش زىچ چۆرىدىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش» ۋە «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش» تىن ئىبارەت رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» تىن ئىبارەت 3 خىل رولى بار. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش» رولى 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا تەزكىرە كىتابى ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان كىتاب، دەپ ئاتالغان. رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەزكىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر. بەزى رەھبەرلەر يېڭى بىر جايغا خىزمەتكە يۆتكەلگەندە، شۇ جاينىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تارىخ - تەزكىرە تارماقلىرىدىن شۇ ناھىيە (شەھەر) نىڭ تەزكىرىسىنى ئېلىپ كۆرىدۇ. نۇرغۇن جايلاردىكى تەزكىرىچىلەر تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن توپلانغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، مەلۇم مەسىلىگە قارىتا تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەھبەرلەرنى خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەشتە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، رەھبەرلەر ۋە باشقا تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. باركۆل ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى رەھبىرىي تارماقلارنى باركۆل ناھىيىسىنى چارۋىچىلىق ناھىيىسى قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تاشقى ئىشلار

تارماقلىرىنى چېگرا سۆھبىتى ۋە چېگرا سىزىقىنى بېكىتىشتە ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن؛ قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ۋىلايەتنى نومنى ئېچىشنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە كۆپلىگەن ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن؛ ماناس ناھىيىسى ناھىيە تەزكىرىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، تەزكىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1998 - يىلى تارىم دەرياسىغا تارىختا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كېلىپ، يۇقىرى ئېقىمىدىكى سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتكەندە شايار ناھىيىسى ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش كۈرىشىدە، «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەمىنلىگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تۈزۈپ، تارىم دەرياسىنى تىزگىنلىگەنىدى. «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» شايار ناھىيىسىنىڭ سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ، رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بەزى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ رەھبەرلىرى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى تىرىك خەرىتە، تىرىك ماتېرىيال ۋە سېھىرلىك خالتا، «تىرىك كومپيۇتېر» دەپ قاراپ، قانداق ماتېرىيال لازىم بولسا، دەرھال شۇلارنى ئەسكە ئالغان، بەزىدە سىرتقا تەكشۈرۈشكە چىققاندا تارىخ - تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنى بىللە ئېلىۋالغان. بىزنىڭ تارىخ - تەزكىرە ئاپاراتلىرىمىز كۆپ يىل ماتېرىيال توپلاش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن سىستېمىلىق ماتېرىيالغا ئىگە بولدى ھەمدە ھەر جەھەتتىكى دائىر ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلىدى، ئومۇملاشتۇردى ۋە تەھلىل قىلدى. بۇ تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ بىر چوڭ ئارتۇقچىلىقى، بۇ ئارتۇقچىلىقنى باشقا تارماقلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئارا تۈرۈك ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ناھىيە تەزكىرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۇخۇلۇ يېزىسىنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقچى ناھىيىسىگە 25 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن قۇرۇلىدىغان ئۈزەڭقۇش دەرياسى تۈگۈنلۈك سۇغىرىش - ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئۈزەڭقۇش دەرياسىغا دائىر گىدرولوگىيىلىك ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ئۆلچەپ لايىھىلىگەن. بۇ قۇرۇلۇشنى ئاقچى خەلقى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىغان. بۇ جەھەتتىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ، بەزى ئىشلار كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەن بۇ يەردە بىر - بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. بىز تەزكىرىچىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلەرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، تەزكىرە كىتابى ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلەرگە چارە - تەدبىر كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

2) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

باش شۇجى جياڭ زېمىن «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزىملىق، سوتسىيالىزم ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئىدىيىۋى تەربىيىنى شۇنداقلا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. بۇ يىل باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يەنە شىنجاڭدا «ئىككى تارىخ، بىر ئەھۋال» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم دەپ تەكىتلىدى. تەزكىرە كىتابى قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە جايلار ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتاب ۋە يەرلىك دەرسلىك. شۇڭا بىز تەزكىرە تۈزگەندە يەرلىك تۈس ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت

بېرنشىمىز كېرەك. تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تەزكىرىچىلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا يۆتكەلگەن بۈگۈنكى كۈندە، جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتابتىن پايدىلىنىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىشنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئويلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بەزى جايلار كۆپ سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان، بۇ، بىر تەرەپتىن تەربىيىلەش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىز تۈزگەن تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلغان، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرىچىلىك خىزمىتى بارغانسېرى جەمئىيەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. ئاقسۇ شەھىرى بۇ يىل «يۇرتۇمنى سۆيىمەن، يۇرتۇمنى گۈللەندۈرىمەن» دېگەن تېمىدا يازما زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن، مۇسابىقىگە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. يەنە «يۇرتۇمنى سۆيىمەن، يۇرتۇمنى گۈللەندۈرىمەن» دېگەن تېمىدا تېلېۋىزىيە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلار مۇسابىقىگە قاتناشقان، بۇ پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، ئىنكاسمۇ ناھايىتى زور بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەھەر - يېزىلاردا تەزكىرە ئۆگىنىش بويىچە لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «ئىككى تارىخ، بىر ئەھۋال» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەنگەن. باركۆل ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش جاڭ جيەنگو تەكلىپكە بىنائەن ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىم، قوراللىق بۆلۈم، بانكا، زاۋۇت، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق 30 نەچچە ئورۇنغا بېرىپ باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا 40 نەچچە مەيدان (قېتىم) لېكسىيە سۆزلىگەن. چېگرا مۇداپىئە تۇەنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر لېكسىيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باركۆلنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپلا قالماي، يەنە باركۆلنى قىزغىن سۆيۈش ۋە قوغداش ئىشەنچىسىنى ھەم ئىرادىسىنى تۇرغۇزغان، 1997 - يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن «5 - فېۋرال» مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، قورغاس ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار قولىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قارشى سۆز - ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەرگەن، قورغاس ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش تەرەققىيات تارىخىنى بايان قىلىپ، قورغاسنىڭ ئەزەلدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ماكانى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرگەن. بەزى ياشلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەسىرلەنگەن ھالدا: بىز ئىلگىرى قورغاسنىڭ تارىخىنى زادىلا بىلمەيتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن «ناھىيە تەزكىرىسى» نى ياخشى ئوقۇشىمىز كېرەك ئىكەن دېيىشكەن. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ «ئاراتۇرۇكنى بىلىش، ئاراتۇرۇكنى سۆيۈش، ئاراتۇرۇكنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن تېمىدا زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە كوچا ئېلان تاختىلىرىدا مەخسۇس سەھىپە بويىچە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خېلى ياخشى تەشۋىقات - تەربىيە ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن.

3) «ماتېرىيال - ئۇچۇر ئامبىرى» لىق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئەتراپلىق مەسلىھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەنگەن.

تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى پەقەت تەھرىرلىك تارمىقىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە ماتېرىيال، ئۇچۇر ئامبىرى. چۈنكى تەزكىرىچىلەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش جەريانىدا نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىدى ھەم ماتېرىياللارنى تۈرلەر بويىچە رەتلەپ چىقتى، گەرچە تەزكىرە تۈزۈشتە بىر قىسىم ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىيال تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلمىدى، تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ قولىدا ھەم نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابى، ھەم تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلمىگەن شۇنچە كۆپ ماتېرىيال بار، بۇ ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، «ئۆلۈك» ماتېرىيالنى «جانلىق» ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇشمۇ تەزكىرىچىلەرنىڭ خىزمىتى. ئونسۇ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى «ماتېرىيال - ئۇچۇر ئامبىرى» بولۇشتەك

ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرمىللەت ئاممىسى ئۆچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلغان، 5 يىلدىن بۇيان مەسلىھەت سورىغۇچىلاردىن 796 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالغان. شىخو ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى «شىخونىڭ جۇغراپىيىسى» نى تۈزگەندە مەزكۇر ئىدارىنى 200 نەچچە مىڭ خەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن ۋە چىقىمىنى تېجەپ بەرگەن. ئاقتۇ ناھىيىلىك ۋە ئاتۇش شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرى يېقىندىن تۈزۈلگەن «ئوكيانۇس» ۋە «جۇڭگودىكى مەشھۇر قەدىمكى يادىكارلىقلار» نى شىنجاڭنىڭ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە تونۇشتۇرىدىغان سۈرەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن. قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تارىخ - تەزكىرىنى كۆۋرۈك قىلىپ ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنى سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشتە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى بىلەن تەمىنلىگەن، ئىقتىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇشتا ۋاستىچى بولغان. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى 20 نەچچە تارماقنى ئالاقىدار ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا جايلاردىكى تەزكىرىچىلىك تارماقلىرى قولىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى زور بىر تۈركۈم كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆز جايىنى چۈشىنىشى ۋە تونۇشى جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىغان. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ناھىيە ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە ئاساس بولسۇن ئۈچۈن، ھەر يىلى «پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن كىتابتىن بىرنى تۈزگەن، بۇ كىتابتىكى ماتېرىياللار چىن، سانلىق مەلۇماتلار تولۇق بولغاچقا، ناھىيە بويىچە «بازىرى ئىتتىك مال» غا ئايلىنىپ، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان. ئونسۇ ناھىيىلىك «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى تەزكىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ «ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ - تۇپراق بايلىقىنى ئېچىپ، سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى دەلىللەش توغرىسىدا دوكلات» نى يېزىپ چىقىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ 3 مىليون يۈەن ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەيداننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**2. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا**

1) كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنى ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىق ۋە تەشەببۇسكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىنىڭ تېخىمۇ داۋاملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى.

تەزكىرە كىتابى بىر جاينىڭ تەبىئىتى ۋە ئىجتىمائىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىيلىككە ئىگە ماتېرىيال كىتاب، شۇنداقلا جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى كىتاب. بىزمۇ تەزكىرە كىتابىنى دائىم «بىر جاينىڭ قامۇسى» ، «بىر جاينىڭ ئومۇمىي تارىخى» دەپ تەرىپلەيمىز. بۇنىڭدىن تەزكىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش» ، «خەلقنى تەربىيىلەش» رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىز تەزكىرىچىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز.

بۇنىڭدا نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇھىم. نۇقتىئىنەزەر ئۆزگەرگەندىلا، ئاندىن تەزكىرىدىن پائال تۈردە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن، ئاڭلىق ھالدا پايدىلىنىش جەھەتتە يول ئېچىپ، ئۇنى پائال تۈردە، ئاڭلىقلىق بىلەن رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا

ياردەم بېرىش» ، «خەلقنى تەربىيىلەش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي قىممىتىنى تېرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگىلى ۋە كېڭەيتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى جەمئىيەتكە تونۇتۇشنىڭ مۇھىم يولى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىشى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەزكىرە تۈزۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ چىقىش يولى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن كارى بولمايدىغان كونا ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم، تەزكىرىچىلەر تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، زىيالىيلىق كېبىرىنى تاشلاپ، ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇقۇغۇچى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتىنى قولدىن چىقىرىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ئېقىمدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ تۈپىرىقىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، چېچەكلىتىپ، مېۋىگە كىرگۈزۈشى لازىم.

2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. ئىلگىرى بىز بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، نۇرغۇن نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتۇق، بەزىبىر تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى پۇرسەتكە دۇچ كەلدى. بۇ يىل باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەسىلىنى مەيلى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتەيلى ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆزىتەيلى، شىنجاڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە، بىز كۆپ تەرەپتىن چارە - تەدبىر ئىزدەپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بولۇپمۇ كېلەركى ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر مۇھىم تايانچ نۇقتىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مىسلىسىز ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ھەرقايسى ساھەلەر ۋە تارماقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلەرنى تاللاپ، يول ئىزدەپ، تەرەققىيات ئىزدىمەكتە. بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەتتە جايلاردىمۇ بەزى يېڭى ھالەت ۋە مەسىلىلەر بارلىققا كەلدى. بۇمۇ تەزكىرە تارماقلىرىغا جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. بىز ئۆزىمىز بىلگەن ۋە ئىگىلىگەن جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈرلەر بويىچە رەتلەپ، ماتېرىيال، ئەھۋال، تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئۆز ئېچىگە ئالغان مەخسۇس تېمىدىكى ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۈر تاللاش ۋە يول ئىزدەشتە پايدىلىنىدىغان تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىشىمىز لازىم.

3) مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، «بەش قاراش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنداق دەپ

كۆرسەتتى: «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش». شۇڭا ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى بىلەن تەربىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن ۋە تارىخ جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن ۋە تارىخ جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانىنى بۇرمىلايدىغان سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ، خەلق ئاممىسى بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەرنى پەرق ئېتىش ۋە چەكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلىدى. بۇ جەھەتتە تەزكىرە تارماقلىرى نى - نى ئىشلارنى قىلالايمىز. ئىلگىرى جايلاردىكى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بەزى جايلار تېخى بۇ جەھەتتە تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ چىقىپ، دەرس ئۆتتى. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى ئۈنۈممۇ قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى تارىخ، بىر ئەھۋال تەربىيىسىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئاممىغا بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە مۇنداق بىر نەچچە كۆز قاراش ۋە تارىخىي پاكىتنى تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

(1) شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يالۋاچ چېرىكچى قويۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ جۇڭگو خەرىتىسىگە كىردى. (2) شىنجاڭ ئەزەلدىن ھەرقايسى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدا يالغۇز بىرلا مىللەت ئولتۇراقلاشقان تارىخ ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس. قەدىمدە ساك توخرى، چاڭ، ھۇن، تۈرك ۋە ئۇسۇن قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى، تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر شەكىللەنگەن. (3) خەنزۇلارمۇ شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندە خەنزۇلار بار ئىدى، كېيىن تارىختىكى سۇلالىلەر شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ يەرگە ئاھالە كۆچۈردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى خەنزۇلار شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەت بولۇپ قالدى. (4) شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان، گۈللەندۈرگەن ۋە قوغدىغان. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى شىنجاڭدىكى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئورتاق ياراتقان، كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەتنىمۇ ئوخشاشلا ھازىرقى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق يارىتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. (5) شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان، مەسىلەن: شامان دىنى، خىرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئاتەشپەرەستلىك قاتارلىقلار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ ئۇزۇن، ئىسلام دىنى بولسا مىلادىيە X ئەسىردە ئاندىن شىنجاڭغا كىرگەن ھەمدە تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

4) تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تەزكىرە كىتابىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

قىسقىسى، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە كۆپچىلىك يەنە داۋاملىق باش قاتۇرۇپ، كۆپلەپ چارە ئويلاپ، يولنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ۋە ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزدى. يىغىنغا بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 70 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بەي يۇشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سابىر ئەلى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جىڭ شۇچيۇ، ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گاۋ لىيچىن، مۇئاۋىن شۇجىسى ۋىن مياۋلار قاتناشتى.

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى خو لىجىن بىلەن يولداش ۋاڭ شى بېيجىڭدىن ئالاھىدە يىغىنغا ئۇلگۇرۇپ كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جىڭ شۇچيۇ يىغىندا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋ لىيچىن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ: «بۇ قېتىمقى تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلىشى ئاقسۇ شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ شان - شەرىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھىرىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ»، «تارىخ - تەزكىرە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى مۇقەررەر ھالدا ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىپ، شەھىرىمىزنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگۈسى». «بىز شەھىرىمىزنىڭ تەزكىرىسىنى ياخشى تۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگىمىز، شۇنىڭدەك پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ مەزكۇر تەزكىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشىغا رەھبەرلىك قىلالايمىز» دېدى.

يىغىندا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ماتېرىيالىدىن 21 نۇسخا تاپشۇرۇۋېلىندى، يىغىندا 10 كىشى سۆز قىلدى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلدۇرۇش ھەققىدە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىن ۋەكىللىرى بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: تارىخ - تەزكىرە خىزمىتى نەتىجىلىك بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنى بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك پەقەت ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىقلا تەزكىرە تۈزۈشتەك نوقۇل خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ماتېرىياللارنى پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ ھالەتكە ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى جايلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. يىغىن مەزگىلىدە يەنە ئاقسۇ شەھىرىدە «يۇرتۇمنى سۆيىمەن، يۇرتۇمنى گۈللەندۈرىمەن» دېگەن تېمىدا شەھەر تەزكىرىسى بىلىملىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسى قويۇپ بېرىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى خو لىجىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بەي يۇشى خۇلاسە سۆزى قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1999 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1999 - يىلى بىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، ئاۋمىنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى قاتارلىق چوڭ - چوڭ مۇراسىملارنى كۈتۈۋالىمىز. ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە بەخت بىزگە يار بولماقتا، تەزكىرە گۈلزارىغا نەزەر تاشلىساق، زېممىمىزدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچىلەر مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا 1999 - يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

**1. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.**

1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك سىستېمىسى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

2) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، ساغلام كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، كومىتېتىمىز ئورگان پارتكومىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

3) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچىلەر ئارىسىدا شىنجاڭنىڭ تارىخىغا، مىللەت، دىن ئىشلىرىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىش، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ھەمدە زامانىۋى ئىقتىسادقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**2. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھاقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلىدۇ.**

1) 1999 - يىلى 26 توم يېڭى تەزكىرە كىتابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ، تەرجىمە قىلىنىدۇ ۋە نەشر قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» تەركىبىدىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 9 توم، بۇلار: «سودا تەزكىرىسى»، «پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى»، «ئېلېكتر سانائىتى تەزكىرىسى»، «پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى»، «خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «كومپارتىيە تەزكىرىسى»، «مالىيە تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت؛ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 11 توم، بۇلار: «مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «تۇرپان

شەھىرى تەزكىرىسى»، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت؛ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە كىتابى 6 توم، بۇلار: «ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»، «تەمىنات - سودا كوپىراتىپى تەزكىرىسى»، «پۇل مۇئامىلىسى تەزكىرىسى» ۋە «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت.

2) داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش كېرەك. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ كەسپلەر تەزكىرىسى ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 67 توم نەشر قىلىنىپ بولدى. داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش مەسىلىسى ئالدىمىزغا قويۇلدى. تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىپ بولغان ئورۇنلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش ۋە باشقا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلىشى لازىم.

يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىمۇ ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىللىق كەلگۈسى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى يەرلىك تارىخ يېزىش مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈردى، يەرلىك تارىخ يېزىش ۋەزىپىسى بار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر مۇندەرىجە لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى لازىم، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر قېتىم يەرلىك تارىخ مۇندەرىجىسىنى لايىھىلەش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ.

3) داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. جايلار 1998 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىلغار تەجرىبىلەرنى پائال كېڭەيتىپ، تەزكىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش رولىدىن تولۇق .پايدىلىنىپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال مۇلازىمەت قىلىش لازىم.

4) تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى خىزمىتى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تەزكىرىچىلىك ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىم تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ئىلمىي ماقالىلىرىنى توپلاش ۋە باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ، تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىمۇ كېيىنكى يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

5) «شىنجاڭ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى تىرىشىپ ياخشى چىقىرىش، تەھرىرلىك، نەشر سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

**3. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر قېتىم تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئېچىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.**

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ئاستا بولۇۋاتىدۇ. 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 67 تەزكىرە كىتابى رەسمىي نەشر قىلىندى، بۇ، پىلاننىڭ %36 نى ئىگىلەيدۇ.

ۋەزىپىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تېخى ئورۇندالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپپارات ئىسلاھاتىمۇ تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى بىلەن تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى ھەقىقىي تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللاپ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچماقچى.

**4. 1999 - يىللىق مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق قىلىش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىدۇ.**

يېڭىچە سوتسىيالىستىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىز بويىچە ئۆلكە تەزكىرىسى، ۋىلايەت تەزكىرىسى ۋە ناھىيە تەزكىرىسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 3000 دىن كۆپرەكى نەشر قىلىندى، بۇ — مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى نەتىجە. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكچى، بىز تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەپ، بۇ كۆرگەزمىگە پائال قاتنىشىشىمىز لازىم.

**5. تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ.**

تەزكىرىچىلەرنىڭ يېڭى بىلەن كونىنى ئالماشتۇرۇش، بىلىمىنى يېڭىلاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرىچى خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇ يىل بىر قارار تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچماقچى.

**6. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتتىكى قوشۇمچە خىزمەتلىرى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىدۇ.**

بۇ يىل خىزمەت بىناسى، تۈرالغۇ بىناسى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇش يەنىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، مۇشۇ يىلدا پۈتۈنلەي پۈتكۈزۈپ بولۇنىدۇ.

**7. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىنىدۇ.**

1999 - يىلى تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى كومىتېتىمىزدا «مەدەنىي ئورگان»، «مەدەنىي ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش جەريانىدا ئىدارىمىزدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر 10 تۈرلۈك ئۆلچەم بويىچە پائال تىرىشىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» يەنى: ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش؛ «ئۈچتە ئەلا» يەنى: ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، ئەلا كەيپىيات تىكلەش، گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىش؛ «ئىككىنى ئۆستۈرۈش» يەنى: پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئورگان خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش نۇقتىلىق تۇتۇلىدۇ. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان خىزمەت مۇھىتى يارىتىش لازىم.

**8. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ.**

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بەزى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) ۋە نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، تەزكىرىچىلىك كەسپىگە بولغان يېتەكچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ.

# ما شاۋۋ بىلەن ما شىمىڭ تۈزۈشكەن بىر تەرەپلىمە سۈلھى توختامى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قولدىن كېتىشى، يەكەن يېڭى شەھىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ 500 گە يېقىن ئەسكىرىنىڭ مۇھاسىرىدە قېلىشى، بولۇپمۇ مارالبېشى تۇمشۇقتىكى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى قەشقەردىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى قايغۇغا سالغانىدى. بولۇپمۇ گېنېرال ياڭ چەنىڭ (ياڭ دارېن) نىڭ پەيزاۋاتنىڭ «قاۋۇل كۆۋرۈكى» دېگەن يېرىدە ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن كورلىلىق ئېلى ھاجىنىڭ ئوقىدا يارىلىنىپ قولغا چۈشۈپ كېتىشى تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. بۇ ئىش قەشقەر بوسۇغىسىدا ئېچىلىدىغان يەنە بىر فرونتنى ئىمكانسىز قالدۇرغانىدى.

بۇ چاغدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى، قوشۇمچە تىنچلىق ساقلاش قوماندانى، قەشقەر بايلىرىنىڭ تۇۋرۇكى بولغان خۇيزۇ ما شاۋۋ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ يامان ۋەزىيەت ئىچىدە قالغانلىقى، جەنۇبنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، شۇڭا يەنە ئۇرۇشۇشنىڭ پايدىسىزلىقى ھەققىدە سۆزلەپ خەنزۇ ھەربىيلەرنى قايىل قىلدى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا سۈلھى قىلىشنى تەكىتلىدى. خەنزۇلارمۇ بۇنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە سۈلھى ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى.

ما شاۋۋ قەشقەر بايلىرىدىن يەنە بىر قېتىم پايدىلىنىش مەقسىتىدە مىللىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەشنى بۇيرۇدى. بۇ ئۆمەكنىڭ بىرى مارالبېشىغا ئەۋەتىلىدىغان ئۆمەك بولۇپ، ئۆمەككە قەشقەر بايلىرىدىن ئەمەت ھاجى (جاڭجۇڭ) باشلىق، ئۆلىمالاردىن كۆز ئەينەكلىك مامۇت داموللا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ئۆمەك قەشقەر بايلىرى نامىدىن يېزىلغان مەكتۇپنى ئېلىپ مارالبېشىغا يۈرۈپ كەتتى.

ما شاۋۋ بۇ ئۆمەككە «ئافاق خوجائەۋلادى» دەپ ئاتالغان ئابدۇللاخان خوجىنى قوشۇمچە سىياسىي رەھبەر قىلىپ يولغا سالدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى مارالبېشىدىكى لۈيجاڭ تۆمۈر ئېلى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تەكلىپى «ما شاۋۋ قەشقەرگە باشلىق بولسا، ئىنقىلابچىلار ئارقىغا قايتسا...» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

لۈيجاڭ تۆمۈر ئېلى تەرەپ ماشاۋۋنى: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىققان ۋە بۇرۇندىن تارتىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ۋارىسى بولۇپ كەلگەن...» دەپ ئەيىپلىسە، ۋەكىللەر ئۇنى خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى پەش قىلىپ، «تەرەققىيپەرۋەر يولباشچىسى، تەقۋادار كىشى...» دەپ تەرىپلەيتتى. نەتىجىدە، بۇ سۈلھى ئوڭۇشسىز ئاياغلاشتى. بىراق، دەل شۇ پەيتلەردە ئابدۇللاخان خوجا ئىنقىلابچىلارنىڭ مارالبېشىدىكى باش قوماندانى ما جەنساڭ بىلەن ئۆز ئالدىغا مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلغانىدى. بۇ كېلىشىم كۆرۈنۈشتە «قەشقەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولۇش، قارشى تەرەپمۇ خەنزۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى



ساقلاشقا كېپىللىك قىلىش...» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كېلىشىمگە قەشقەردىكى قوشۇنلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ۋە بارلىق ئامبارلاردىكى زاپاس قورال - ياراغلارنى خۇيزۇلار تاپشۇرۇپ ئېلىش، ما شاۋۇۋنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇش قاتارلىق يامان غەرەزلەر يوشۇرۇنغانىدى.

ما جەنساڭ ئابدۇللاخان خوجىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، ئاقسۇدىكى خۇيزۇ لۈيجاڭ مالىيەن ئارقىلىق قاراشەھەردىكى ما شىمىڭغا توختامنى كۆزدىن كۆچۈرگۈزدى ۋە ئىمزا قويغۇزدى.

2

ما شاۋۇۋ ئۇتۇق بىلەن قايتىپ كەلگەن ئابدۇللاخان خوجىنى شادلىق بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇردى. ئابدۇللاخان تاپشۇرۇق بويىچە يەكەنگە بېرىپ، يەكەن يېڭى شەھەرگە قامىلىپ قالغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى سۇڭ تۈەنجاڭ، جىن يىڭجاڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا قاراشەھەر بىلەن تۈزۈلگەن توختام مەزمۇنىنى يەتكۈزىدۇ. ئابدۇللاخان خوجا قايتىشىدا ياغاچ ئايۋان دېگەن يەرگە كەلگەندە مەكىت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ما شاۋۇۋ ئابدۇللاخان خوجىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ ئۆتمەي ما جەنساڭ تەرەپتىن كەلگەن ما x ئىسىملىك ئەلچىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەردە كېڭىشىپ ئوتتۇرىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى. ما جەنساڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىر ئاز كېچىكىدىغان بولغاچقا، ما شاۋۇۋ ئۆز ئالدىغا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى تاغ خەلقىدىن 800 دەك قىرغىزنى ئەسكەرلىككە ئالدى. ئۇلارغا ھەربىي تەلىم بېرىش ئۈچۈن چىڭ دېشىڭ دېگەن خۇيزۇنى باشلىق قىلىپ ئۈچتۇرپان يولىدىكى سۇغۇن قاراۋۇل دېگەن جايدا تۇرغۇزدى. ما شاۋۇۋنىڭ قىرغىزلارنى بۇ يەردە تۇرغۇزۇشى ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن بولغانىدى. چۈنكى، 1924 - يىلى ما تىتەي ما فۇشىڭنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزى ئۈچتۇرپان ئارقىلىق بۇ يول بىلەن كېلىپ غەلىبە قازانغانىدى. دېمەك، بۇ ئورۇن ئۈچتۇرپاندىن كېلىدىغانلارنى توسۇشقا پايدىلىق ئىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن قىرغىز يىگىتلىرى ما شاۋۇۋغا ئاسىيلىق قىلدى. مارالبېشى تۇمشۇقتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۇلارنى روھلاندۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئوسمان ئالى ئۆز سەركەردىلىرىدىن ئورازبەگ، ئابدۇللابەگلەرنى باشلاپ سۇغۇندىن يۆتكىلىپ شەھەرنىڭ بېقىنى بولغان تاغ ئاغزى — تۇتۇرگىگە جايلىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرغانىدىن كەلگەن ئەۋى پانسات، قوشمەتبەگلەرمۇ بار ئىدى. قىرغىزلارنىڭ بۇ ئىسيانى ما شاۋۇۋنى ھودۇقتۇرۇۋەتكەچكە، بۇلارغا قارشى «مىللەت ئەسكىرى» نامى بىلەن شەھەر خەلقىدىن 200 كىشىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئافغانىستانلىق مۇھەممەت شەرىفخان جىنزەل ساھىبنى باشلىق قىلغانىدى.

3

ما شاۋۇۋ ئەلنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر پىلان تۈزدى. بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۇتۇرگىدىكى قىرغىزلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىل چىقاردى. بايلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئۆلىمالار تەبىقىسىدىن ئىمىر ھۈسەين قازى ھاجىم بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئۇربەگ (بوياقچى) نى تۇتۇرگىگە چىقاردى. ئۇلار ئوسمان ئالى بىلەن كۆرۈشكەندە يەنە ھېلىقى كونا سەنەم بولغان ما شاۋۇۋنى قەشقەر پادىشاھى قىلىپ تىكلەش دېگەن تەلىپىنى ئېلىپ چىققانىدى. لېكىن ئوسمان ئالى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. ۋەكىللەر قايتىپ كېتىشتى. ۋەكىللەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىشى قەشقەر خەلقىنى روھىي جەھەتتىن ئويغاتتى. نەتىجىدە كىشىلەر تۇتۇرگىگە بېرىپ كېلىشكە، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلىدى. ما شاۋۇۋ بۇ دولقۇننى بېسىش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە «تۇتۇرگە بىلەن ئالاقە قىلدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن كىشىنى قامىدى. بىرقانچە كىشىنىڭ قۇلىقىنى تۆۋرۈكلەرگە مىقلىدى. تاشقى جەھەتتە «مىللەت ئەسكىرى» نى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن جىنزەل ساھىب بىر پولك ئەسكەر بىلەن تۇتۇرگىگە چىقىپ بۇرنىغا يەپ

قېچىپ كىردى. مانا بۇ ئامىل ئوسمان ئالىنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (سەيشەنبە) تاڭ سەھەردە شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ما شاۋۇۇنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى كۆرگەن تەييارلىقلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. قوزغىلاڭچىلار 2 سائەتكە قالماي سېپىل بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. شەھەرنىڭ بارلىق جايلىرى يېرىم كۈندىلا قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ ما شاۋۇۇ بېكىنىۋالغان دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىنغان بىر پەيتتە، پەيزاۋات يولى بىلەن كەلگەن 2 خۇيزۇ ئەلچى تار بوغۇز دېگەن جايغا كەلگەندە ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ماجەنساڭنىڭ بۇيرۇق خېتى تېپىلدى. ئۇنىڭدا: ما شاۋۇۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشماستىن ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە قورallىرىنى پۇختا ساقلاش جېكىلەنگەنىدى. ئوسمان ئالى دوتەي يامۇلىغا قىلغان ھۇجۇمنى توختاتتى ۋە شۇ كېچىنى تىنچ ئۆتكۈزدى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى لۇيجاڭ تۆمۈر ئېلى يېتىپ كەلدى. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بىر باينىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ما جەنساڭ يېتىپ كېلىپ ئۆزى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. ئەسكەرلىرى يامۇل ئەتراپى ۋە يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىگە، بىر بۆلۈم ئەسكىرى يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ما شاۋۇۇ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ قولىدىكى قورال ۋە خەزىنىنى ماجەنساڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ماجەنساڭ يەنە مارالبېشى سېرىقبۇيىدىكى چۇ خەننى كىيىم يەڭگۈشلىتىش ھىيلىسى بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ قوراللىرىغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇ ئەمدى 2 ـ قەدەمگە ئاياغ قويدى. ئۇ باش قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن تۆمۈر ئېلىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇقتا «يەكەن يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قالغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئۈستىدىكى مۇھاسىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارغا يول بېرىش، ئۇلارنى بارلىق قورال، نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىش، قەشقەرگە كەلگەندە قوراlsىزلاندۇرۇش، بۇلارنى قوغداشقا تۆمۈر ئېلى مەسئۇل بولۇش...» دېيىلگەنىدى. «سى زىخۇي مەسىلىسى» دىن رەنجىگەن تۆمۈر ئېلى شۇندىلا مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بىلىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىغا كىرىشىپ، بۇنىدىن بۇرۇن يەكەنگە ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ باشلىقى ھاپىز تۇەنجاڭغا، شۇنىڭدەك ئوسمان ئالى ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ باشلىقى قىرغىز قوشمەتكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا يول بېرىش، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش جېكىلەنگەنىدى. تۆمۈر ئېلى ئۇ قوشۇنلارنى قوغداش ئۈچۈن يېڭىسار دا تۇرۇشلۇق ئەخمەتخان تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۇەن قوشۇننى، قەشقەردىن ئاتۇشلۇق تۇەنجاڭ كىچىك ئاخۇننى، شۇنىڭدەك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇننى ئەۋەتكەنىدى.

سېپىل مۇھاسىرىسىدىن بوشانغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قايتىش سەپىرىگە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. 500 كىشىلىك بۇ قوشۇن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىرىنچى قونالغۇنى كوررابات دېگەن جايدا ئۆتكۈزدى. ئىككىنچى قونالغۇنى ئاقراباتتا ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، كۆزەتچى ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا قەشقەر تەرەپتىن زور بىر قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كىملىكىدىن قەتئىينەزەر ئوق چىقىرىشتى. ئەخمەتخان تۇەنجاڭ «بىز سىزلەرنى قوغداشقا كەلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىماي ئوق ئۈزۈۋەردى. بۇ ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان خوتەن ئەسكەرلىرى ئارقىدىن باستۇرۇپ كېلىپ ئوق چىقاردى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تۆت تەرەپلىمە مۇھاسىرىدە قالغانىدى. ئۇرۇشۇش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. كۆپ چىقىم تارتقان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى چىداشلىق بېرەلمەي تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ يېڭىشەھەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

4

ما جەنساڭ ماشاۋۇۇنىڭ قولىدىكى شۇنىڭدەك

يېڭىشەھەردىكى بارلىق قورالالارنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. خەزىنىلەردىكى بارلىق مەبلەغ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. بۇ ھال باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ قىرغىز ئوسمان ئالىدا نارازىلىق كېلىپ چىققانىدى. مانا بۇ نارازىلىق 5 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى قىرغىز - خۇيزۇ ئۇرۇشىنى تۇغدۇردى. بىر سوتكا داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا ئاساسەن ئوسمان ئالى تەرەپ غەلىبە قازاندى. خۇيزۇلارنىڭ ئاتامانى سانالغان لۈيجاڭ گامازا نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ يۈزلىگەن ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. نۇرغۇن قورال غەنىيمەت ئېلىندى. خۇيزۇلار ئاساسەن تارمار بولۇش گىردابىغا يەتكەندە تۆمۈر ئېلى ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئۇلارمۇ مۇسۇلمان، بىزمۇ مۇسۇلمان، ئىنقىلابتا بۇلار بىلەن بارچە جاپادا بىرگە بولدۇق، ئۇلار بىلەن كېلىشىش كېرەك» دېدى.

نەتىجىدە، چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا تۆمۈر ئېلى «خۇيزۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى بوشىتىش، تارتتۇرۇپ قويغان قوراللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش» نى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سۈلھى ئوتتۇرىغا چىقتى. 1. ماجەنساڭ باش قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش؛ 2. تۆمۈر ئېلى سىجاڭلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ دوتەي ياموُلىغا كۆچۈپ كىرىش؛ 3. ئوسمان ئالى تۈەنلىڭلىقتىن لۈيجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈپ يۇملاق شەھەر قەلئەسىگە ئورۇنلىشىش؛ 4. ما شاۋۋۇ ئۆز ئەمەللىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈنۇسبەگ سەئىدى ۋالىي، خۇيزۇ سۇ جىڭشۇ مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش.

## خۇلاسە

ما شاۋۋۇ بىلەن ما شىمىڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇ مەخپىي كېلىشىمى كېيىنكى كۈنلەردە يۇقىرىقىدەك يامان ئاقىۋەتلەرنى تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭنىڭ سەمەن يولىدا گامازا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. يېڭىشەھەردىكى 69 كۈنلۈك قىرغىنچىلىق باشلىنىپ خەلق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور زىيانلارغا ئۇچرىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

## «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ھۆرمەتلىك كىتابخان: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى بۇ يىلمۇ سىزگە تېخىمۇ يېڭى، قىزىقارلىق، رەڭدار مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى چەكلەنمەيدۇ. كېچىكىپ مۇشتەرى بولغۇچىلارغا ئالدىنقى سانلىرى تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ پارچە باھاسى 3.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 12.00 يۈەن. مۇشتەرى بولغۇچىلار پۇلنى پوچتا ئارقىلىق تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتسە بولىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كىتابخانلار بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىپ يېزىلسا ۋە سېتىۋالسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت ژۇرنالنىڭ 1997 - ۋە 1998 - يىللىق توپلاملىرى بار. ھەر بىر توپلامنىڭ باھاسى 25.00 يۈەن. ئېھتىياجلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېزدىن سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - نومۇر «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى 11 - قەۋەت)

تېلېفون نومۇرى: 2821715

پوچتا نومۇرى: 830002

# «قۇرۇلتاي» — تارىختىكى كېڭەش مەجلىسى


مەخمۇت ئابدۇۋەلى

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن)


«قۇرۇلتاي» سۆزىنىڭ ھازىرقى ئىستېمالىمىزدا قانداق ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىختىكى رولى، مەنبەسى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ھەققىدە بىلىدىغانلار ئاز بولسا كېرەك.

«قۇرۇلتاي» سۆزى تۈركچە «قۇرۇل» سۆزى بىلەن موڭغۇلچە «تاي» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى سەل كېيىنرەك يەنى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ 1206 ـ يىلدىكى قۇرۇلتىيىدا تېمۇرچىنىنىڭ ‹بۈيۈك خان› لىققا سايلانغانلىقىدىن باشلىنىدۇ. شۇ دەۋردە موڭغۇللار دا خان قۇرۇلتاي ئارقىلىق سايلانغان. دېمەك، قۇرۇلتاي ئەسلىدە بىر كېڭەش مەجلىسى بولۇپ، ئۇنى ئوغۇز تۈركلىرى كېڭەش دەپ ئاتىغان. لېكىن قۇرۇلتاي بىر خىل يىغىلىش پائالىيىتى بولغاچقا، ئوغۇزلار ئۇنى يەنە «يىغناق، دەرنەك، دەرىم» دەپمۇ ئاتىغان①.

قۇرۇلتاي سۆزى ھۇنلار دەۋرىدە دىنىي مۇراسىم، بايرام، زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىش، تۈرلۈك مۇسابىقە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت يىغىلىشلىرىنى كۆرسەتتى. بۇنداق يىغىلىشلارغا ئاددىي خەلقمۇ قاتنىشاتتى.

ھۇن دۆلىتىدە يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايرىمى ۋە كۈز بايرىمى دەپ 3 چوڭ بايرام بولاتتى. بۇ ھەقتە «خەننامە» دە مۇنداق يېزىلغان: «ھەر يىلى 1 ـ ئايدا ھۇن ئەمەلدارلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. 5 ـ ئايدا ئەجدىھا بالىق (لۇڭچېڭ) تا چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ دەرۋاھلارغا، يەر ـ كۆككە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. كۈز پەسلى يىلقىلار سەمرىگەندە ئىبادەت ئورمانلىقىغا يىغىلاتتى. ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ سانى ئېنىقلىنىپ باج ئېلىناتتى»②. بۇ بايراملارغا دۆلەت ئەمەلدارلىرى قاتنىشاتتى. بولۇپمۇ ئەجدىھابالىقتا بولىدىغان قۇرۇلتايغا دۆلەتنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى، بېقىندى ئەللەر ۋە ئۇنىڭغا قارام قوشنا ئەل پادىشاھلىرىمۇ قاتنىشىشى لازىم ئىدى. «بۇ بۈيۈك بايرام قۇرۇلتىيىغا كەلمىگەنلەر ھۇن تەڭرىقۇتىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلەر دەپ قارىلاتتى»③.

باھائىددىن ئۆگەل خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە غەرب مەنبەلىرىگە ئاساسەن، ھۇنلارنىڭ دۆلەت كېڭىشىنى «ئۇرۇش قۇرۇلتىيى» ، «كۆچۈش قۇرۇلتىيى» ، «تىنچلىق قۇرۇلتىيى»④. . . قاتارلىق 6 چوڭ تۈرگە بۆلگەن.

ھۇنلاردا يەنە تەۋەلىك بىلدۈرۈش ۋە قەسەم بېرىش قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ قۇرۇلتايلارغا چوڭ ئەمەلدارلار، شاھزادىلەر (تېكىنلەر) قەبىلە باشلىقلىرى ھەمدە ھۇن ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى قاتنىشاتتى. «غەربىي تۈركىستاننىڭ شەرقىدە تۇرىدىغان ئۇسۇنلارمۇ ئورخۇن ۋادىسىدا ئېچىلىدىغان بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشاتتى. كەلمىسە، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ياكى دۈشمەنلەشكەن دەپ قارىلاتتى»⑤.

كۆك تۈركلەردىكى دۆلەت يىغىلىشىمۇ ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش 5 ـ ئايدا باھار بايرىمى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. كۆك تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئوردىسىدا ئولتۇراتتى. قاغاننىڭ چېدىرى كۈن چىقىش تەرەپكە قارايتتى. بۇ كۈن تەڭرىگە

بولغان ھۆرمىتى ئىدى. كۆك تۈرك قاغانى ھەر يىلى دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەجدىھا غارىغا باراتتى. «5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولسا كۆن تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى». «قۇربانلىق قىلىنىدىغان جاي ئۆتۈكەندىن 400 — 500 مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەرگە لىق تولغان بۇ تاغ تەڭرىتاغ دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ مەنىسى يەر تەڭرىسى دېگەنلىكتۇر»⑥. كۆك تۈركلەردىكى بۇ قۇرۇلتايغا يۇقىرالارمۇ قاتنىشاتتى. بۇ تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىدە تەسۋىرلەنگەن بۆرە قېچىپ كىرىپ پاناھلانغان غار بولسا كېرەك.

ياپونىيە ئالىمى شىراتورى ھۇن قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىنى كۆچەيتىشتە ھېچقانداق بىر مۇئەسسەسە بۇ 3 قۇرۇلتايدەك كۈچلۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بولمايتتى، مىللەتنىڭ بىرلىشىشى مۇشۇ يىغىلىشلار ئارقىلىق كۈچىيەتتى...»⑦. ھۇنلارنىڭ بۇ قۇرۇلتايلىرىغا ھۇن تەڭرىقۇتى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلاتتى، قۇربانلىقنىمۇ ئۆز قولى بىلەن قىلاتتى. چۈنكى، ھۇن تەڭرىقۇتى كۆك تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان، دەپ قارالغاچقا، بۇنداق ئىمتىيازغا پەقەت ئۆزىلا لاياقەتلىك ھېسابلىناتتى. ھۇنلاردا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلتاي چاقىرىش ئارقىلىق بېكىتىلەتتى. ئۇرۇش پەيتىدە ياكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەربىي تاكتىكا قوللىنىش يۈزىسىدىن جىددىي ھەربىي قۇرۇلتاي چاقىرىلاتتى. بۇنداق قۇرۇلتاي پىنھان تۈردە ئەمەس بەلكى ئات ئۈستىدىلا ئوچۇق - ئاشكارە، مەردانە قىياپەتتە ئۆتكۈزۈلەتتى. ھۇنلاردا يەنە جەڭ قورالى ھېسابلانغان ئات تازا سەمرىگەن 9 - ئاي مەزگىلىدە ئۇرۇش قۇرۇلتىيى چاقىرىلاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «ئالپلار قامۇغ تىركەشۇر — قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىدۇ»⑧ دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «تىركەش» سۆزى ئۆز دەۋرىدە «يىغىلىش»، «قۇرۇلتاي» مەنىلىرىنى بېرەتتى.

ھۇنلاردا كۆچۈش، قارشى تەرەپ بىلەن ئۇرۇش توختىتىش قاتارلىق چوڭ ئىشلار قۇرۇلتاي چاقىرىش يولى بىلەن بېكىتىلەتتى. «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 43 - يىلى خەن خانلىقىغا بېقىنغان ھۇنلار كۆچىيدۇ. ھۇن تەڭرىقۇتى ھۇن ئۆلۈغلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى توپلاپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. بەگلەرنىڭ كۆپىنچىسى شىمالدىكى ئۆز يۇرتىغا كۆچۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ»⑨.

ھۇنلاردا ئۇرۇش پەيتىدە تىنچلىق ئورنىتىشقا توغرا كەلسە، تەڭرىقۇت شارائىت پىشىپ يېتىلگەن بىر پەيتنى تاللاپ ھۇن ئۆلۈغلىرىنى كېڭەشكە چاقىراتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن ھۇن ئۆلۈغلىرىنى كېڭەشكە چاقىرغانىدى.

ھۇن دۆلىتىدە يەنە ھەرخىل دەۋا ئىشلىرى سوت قۇرۇلتىيى ئېچىش ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلىناتتى. سوت يىغىلىشىغا قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى دەۋانىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ھەرخىل بولاتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى ئۈستىدىن سوت ھۆكۈم قىلىنغان خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېلوسىدا ھۇن تەڭرىقۇتى سوتچىدىن گۇمانلىنىپ، قايتىدىن قۇرۇلتاي ئېچىپ قارار چىقىرىشنى بۇيرۇغان. بۇ سوت قۇرۇلتىيىغا دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەمەلدارلار كېلىپ قاتناشقان⑩.

دېمەك، «قۇرۇلتاي» ئاتالغۇسى ناھايىتى كېيىنكى دەۋرلەردە يەنى مىلادىيە Ⅻ ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھۇنلار دەۋرىدىلا شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇرۇلتايلار مۇتەنزىم، دېموكراتىك ئۇسۇللاردا ئۆتكۈزۈلۈپ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا تەدبىقلانغان. قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەردە «قۇۋراق» ئاتالغۇسى دائىم ئۇچرايدۇ. بۇ «يىغىن» ۋە «يىغىن ئورنى» دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى. دېمەك، «قۇرۇلتاي» سۆزىمۇ ئورتاق ئالتاي تىلى دەۋرىدىكى «قۇۋراق» سۆزىنىڭ Ⅻ ئەسىردىكى تەرەققىيات شەكلىدۇر.

(داۋامى 25 - بەتتە)

# ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بېشبالىق

ئەخمەت سۇلايمان، ھەبىبۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

بېشبالىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ خارابىلىكى ھازىر جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ 12 كىلومېتىر شىمالىدىكى خۇپۇزا ( 后堡子 ) دېگەن جايدا. بېشبالىق تارىختا قوش (قاڭقىل)، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.

بېشبالىق دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. «خەننامە» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن قوش بەگلىكى بوغدا تېغىنى پاسىل قىلىپ، ئالدى قوش بەگلىكى ۋە ئارقا قوش بەگلىكىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئالدى قوش تۇرپان ۋادىسىغا، ئارقا قوش بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «خەننامە» دە ئارقا قوش بەگلىكى ھەققىدە «ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئۈتۈ قورغىنى ( 务涂沟 )، 595 تۈتۈنى، 4774 نوپۇسى، 1890 ياراملىق ئەسكىرى بار»① دېيىلگەن.

بىر قىسىم ئارخېئولوگلار 1990 - يىلى جىمسار ناھىيىسىنىڭ 24 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى دالۇڭكۇ دەرياسى ( 大龙口河 ) جايلاشقان شياۋشىگۇ ( 小西沟 ) خارابىلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شياۋشىگۇ ئىزى خەن دەۋرىدىكى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى شەھىرى بولغان ئۈتۈ قورغىنىنىڭ خارابىلىكى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا②.

«كېيىنكى خەننامە» دە: «ئارقا قوش بېگى ئۈتۈ قورغىنىدا تۇرىدۇ، 4000 دىن ئارتۇق تۈتۈنى، 15 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار، ياراملىق ئەسكىرى 3000 دىن ئاشىدۇ... ئارقا قوشتىن غەربكە قاراپ ماڭسا ئۇسۇن ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن③، بۇ، مىلادىيە Ⅱ، Ⅲ ئەسىرلەردىكى قوش بەگلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى بىر قەدەر كۈچلۈك ھەم چوڭ بەگلىككە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى كىچىك پادىشاھلىقلار ئۇزۇن مۇددەت ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان، شۇڭا ئۇ دەۋردىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە بېشبالىق ياكى ئارقا قوش بەگلىكىگە دائىر خاتىرىلەر ئانچە ئۇچرىمايدۇ. پەقەت «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» نىڭ 30 - جىلدىدا: «شىمالىي يېڭى يولدىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا شەرقىي قۇمىد، غەربىي قۇمىد، تەڭقىن، بارىكۆل، ئوغان قاتارلىق بەگلىكلەر ئارقا قوش بەگلىكى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. بېگى يۈلەي شەھىرى ( 于赖城 ) دە تۇرىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن يۈلەي شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. بىراق، نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار ۋېي، جىن ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۈملىدىن ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «بۇ دەۋردە ئارقا قوش بەگلىكى يۇقىرىدىكى بىرقانچە بەگلىكنى قوشۇۋېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك بەگلىككە ئايلانغان. بۇ خىل ئەھۋالدا مەركىزى يەنىلا تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىدە

(يەنى جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا) تۇرىۋەرسە، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ماسلىشالماي قالاتتى. شۇڭا بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزىي رايونغا جايلاشقان بىردىنبىر چوڭ ھەم ئۈزۈن مۇددەت ئىدارە قىلىش ئاساسىغا ئىگە بولغان جىنمەن شەھىرى. . . بۇ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئورنى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا يۇلەي شەھىرىنىڭ ئورنىمۇ خۇيۇزا دېگەن جايدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ ئۆزىدۇر»④ دەيدۇ. بىراق، يۇلەي شەھىرى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئارقا قوش قاتارلىق بەگلىكلەر سىيانپى، رووران، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ قوشۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىغا دۇچ كەلگەن، نەتىجىدە ئارقا قوش بەگلىكى مىلادىيە 260 ـ 269 ـ يىللىرى سىيانپىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە كۆك تۈرك خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن تارتىپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى، بېشبالىق شەھىرىمۇ بۇ خانلىقنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى. بېشبالىق شەھىرىنىڭ نامى قەدىمكى تۈركچە، ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردىن ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 735 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ (684 — 735 ـ يىللاردا ياشىغان) تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئۇچرايدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ شەرقىي يۈزى 28 ـ قۇرىدا: «ئوتتۇز يېشىمدا بېشبالىققا يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم. . . قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىلاتتى. . . (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى»⑤ دېيىلگەن. مانا مۇشۇنداق مەڭگۈتاشلاردا بېشبالىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ شەھەرنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 北庭 (بېيتىڭ ـ شىمالىي ئوردا)، 可汗浮图城 (قاغان بۇت بالىق)، 庭州 (تىڭجۇ) دېگەن ناملاردا ئاتالغان. قاغان بۇت بالىق دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ «كونا تاڭنامە. ئاشناشىر تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «ۋۇدېنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 626 ـ يىلى) تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ يۇقۇق شادقا ھۇجۇم قىلدى. جېنگۇەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 628 ـ يىلى) (ئاشناشىر) ئۆزىنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ قېچىپ قاغان بۇتقا ئورۇنلاشتى» دېيىلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇ خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قاغان بۇت بالىقتا غەربىي تۈركلەرنىڭ يۇقۇق شاد قاغانى بىلەن ئۇنىڭ يابغۇسى ئاشنا قۇل تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار قوچۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇقۇق شادقاغان غەربكە قېچىپ كەتكەن. ئاشنا قۇل تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى بېشبالىقتا تىڭجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە جىنمەن (762 ـ يىلدىن كېيىن 后庭 دەپ ئۆزگەرتكەن)، باركۆل 蒲类 ئۈرۈمتاي ( 轮台 )، شىخەي ( 西海 ) دىن ئىبارەت 4 ناھىيە قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق شەھىرى تاكى 702 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغانغا قەدەر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا تىڭجۇ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى III » دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنئەننىڭ 2 ـ يىلى (702 ـ يىلى) ۋۇزېتيەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، بېشبالىقتا بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدىكى كەڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرغان. شۇندىن تارتىپ XIII - XIV ئەسىرلەرگە قەدەر بېشبالىقنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بېيتىڭ دەپ ئاتالغان.

XVIII ئەسىردە بېشبالىق شەھىرى تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم مەركىزىي شەھەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ غەربىي يۇرتقا ئىچكىرىلەپ

كىرىشى ۋە كېيىنچە تارىم ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ كەلگەن. ياپونىيىلىك ئالىم ئابې تاكېئو ئەپەندى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەر ئاساسىدا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بېشبالىق شەھىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلار بىلەن بېشبالىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يازما خاتىرىلەردىن تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي يىللىرى (650 - 655 - يىللار) دىكى ئۇيغۇر قاغانى بايانىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كۆنەس يولىغا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملار باش بۇغاچېينى قۇل تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان بۇ شەھەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان ۋاقىتقا سۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تيەنباۋ يىللىرى (742 - 756) نىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاللىقاچان بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى، بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پەقەت نام جەھەتتىنلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدا ئىدى. جېنيۈەن يىللىرى (785 - 805 - يىللار) تەڭرى قاغاننىڭ بېشبالىق شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاندىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى»⑥ دەيدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋالغان تۈبۈتلەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىمۇ كۆزى قىزىرىپ، بېشبالىق شەھىرىگە بولغان ھۇجۇمنى تېزلەتكەن. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر ئوتتۇرىسىدا ئازكەم 10 يىل بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى بولغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە تۈبۈتلەر 789 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئىچكى نىزادىن پايدىلىنىپ بېشبالىق شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، بىراق 790 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ۋەزىر تالاس باشچىلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتىپ تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» دا قۇتلۇق قاغان (795 - 805 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ قۇدرىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى، بېشبالىق، كۆسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى، غەربكە يۈرۈش قىلىپ سىر دەرياسىغىچە بارغانلىقى، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغانلىقى، قىرغىزلارنى بويسۇندۇرغانلىقى يېزىلغان⑦.

بېشبالىق شەھىرى قۇتلۇق قاغان تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، تاكى 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەنگە قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر شەھىرى بولۇپ كەلگەن. 840 - يىلدىن كېيىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بېشبالىقتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، بېشبالىق بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى (ياكى شىمالىي ئوردىسى) بولۇپ قالدى.

---

ئىزاھلار:

① بەنگۇ: «خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 851 - شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

② كەن - ياۋپىڭ قاتارلىقلار: «جىمسار ناھىيىسىدىكى شياۋشىگۇ ئىزىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش» «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1992 - يىللىق 4 - سانى.

③ فەن يى، سىمابياۋ: «كېيىنكى خەننامە» 88 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 518 -، 555 -، 525 -، 552 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ مېڭ فەنرېن: «بېيتىڭ (بېشبالىق) نىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» 28 -، 29 -، 31 -، 175 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 95 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 149 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

# كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى


ئەركىن مۇھەممەت

(قاراماي شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)


ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى زىددىيەت ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ خانلىقتىكى خەلق ۋە خان جەمەتى 2 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار نۇرغۇن داۋالغۇش ۋە بېسىم تۈپەيلىدىن ئاخىرى ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن غەربكە كۆچتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، يەنە بىر قىسمى پانتېكىن باشچىلىقىدا جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ كۇسەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. مۇشۇ ئۇيغۇرلاردىن بېشبالىق ئەتراپىدا ياكى بوغدا تېغى ئەتراپىدا 200 مىڭدەك كىشى قالغانىدى. بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە قىرغىز، تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىراق، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» دە «بۇ خانلىق خانى (كۇسەن خانى) ئۆزىنى ئارسلان خان دەپ ئاتايتتى، سېرىق كىيىم كىيەتتى، بېشىغا ئېسىل ياقۇتلار قوندۇرۇلغان تاج كىيەتتى ھەمدە 9 ۋەزىر بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بايانلاردىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللانغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا يەنە تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىمۇ قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن خانلىقلىرىدا شاد، تېكىن، يابغۇ، ئىلتەبىر، ئېركىندىن ئىبارەت 28 دەرىجە، يەنە 6 تاشقى ئىشلار ۋەزىرى، 3 ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىدىن ئىبارەت 9 ۋەزىر بار ئىدى.

كۇسەن ئۇيغۇر خانى ئارسلان خان دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىمۇ 981 - يىلدىن تارتىپ ئۆزىنى ئارسلان خان دەپ ئاتىغان. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەردە خانلىقتىكى بىر جەمەت قېرىنداشلار دائىم قوش خانلىق تۈزۈمىنى قوللىناتتى. مەسىلەن: خانلىق 2 چوڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى ئارسلان خان، يەنە بىر تارمىقى مۇئاۋىن خان بولۇپ بۇغراخان دەپ ئاتىلاتتى. بىراق، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان كۇسەن خانىمۇ ئوخشاشلا ئارسلانخان دەپ ئاتالغان. كۇسەن خانى بىلەن ئىدىقۇت خانىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىمۇ قوش خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال ئېلىنغان «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» دە «كۇسەن ئۇيغۇر خانى سېرىق كىيىم، تاج كىيەتتى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۇسەن خانىنىڭ سېرىق كىيىم، تاج كىيىشى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىن قالغان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئىدىقۇت خانلىقىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيگەن، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنىمۇ تاقىغان.

ئۇيغۇرچە يازما خاتىرىلەردە «ئىدىقۇت خانى

بايرام كۆنلىرى ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ، بېشىغا خانلىق تاج، ئۈچىسىغا قىزىل رەڭلىك تون كىيەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردا «. . . سېرىق كىيىم كىيەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىمۇ خېلى ئوخشاشلىق بار ئىدى. مەسىلەن: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» نىڭ 4 -، 13 -، 14 - جىلدلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە ئارسلانخانىنىڭ قول ئاستىدا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن زوراغالىق بېگى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە، مۇپەتتىش خەلپە بېگى، سول قول خىسلەت قۇچقۇچى چوڭ سانغۇن، ئوردا مۇپەتتىشى، ئاستانە ئەتراپىدىكى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن تۆھپىدار ئالىي دۆلەت ئەركانى، نازارەتچى زالىم ھەكەم، تۇتۇق قاتارلىق مەنسەپدارلار بار ئىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دېگەن كىتابتا «غەربتىكى ئۇيغۇرلار يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەمەل - مەنسىپى، كىيىنىشى، ئۆرپ - ئادىتى، شەھەرلىرى، يوللىرى كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، كۇسەن خانلىقى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ياكى غەربىي كۇسەن خانلىقى دەپمۇ ئاتالغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، خاندانلىقتىكى قوش خان كۇسەن بىلەن ئىدىقۇتتىن ئىبارەت 2 جايدا ئىدى. X Ⅲ ئەسىردە ياشىغان فرانسىيىلىك ئالىم رېينائۇد (1273 — 1331) «ئابۇلفىدا» دېگەن ئەسىرىدە X — Ⅸ ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى 9 ئوغۇز دەپ ئاتىغان تۈركلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى مەسئۇد 9 ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى «كۇشۇ» دەپ يازغان. مەسئۇد كۆرسەتكەن كۇشۇ دەل كۇسەن ئىدى.

بابېرى مىنارد بولسا «كۇشۇ جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن ئىدىقۇت ئىدى» دەپ تەشەببۇس قىلغان.

دېمەك، كۇسەن (كۇچا) بىلەن ئىدىقۇتتىن ئىبارەت 2 جايدىكى ئارسلانخانلار كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن قالغان ئەنئەنىۋى قوش خانلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 20 - بەتتە)

ئىزاھلار:

①③⑤⑥⑦⑨⑩ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈركلەرنىڭ دۆلەت قارىشى» 1982 - يىل ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

② «خەننامە» 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 690 - بەت.

④ ئاسپجان ياسىن: «ھۇنلارنىڭ قانۇن - تۈزۈمى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 2 - سان، ئۇيغۇرچە 52 - بەت.

⑧ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركچە نەشرى 3 - توم 65 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى


توختى ئىبراھىم

(ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن)


1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچقۇرۇن كۈرە ھەربىي رايونى تىنچ يول بىلەن ئىشغال قىلىنغان چاغدا، قوماندانلار، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت مەسئۇللىرى قىرغىز پىدائىي قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدە سېپىل دەرۋازىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل دۇدۇ يامۇلىدىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا كىردۇق. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرخىل قورال‌لار ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن بولۇپ، بىرمۇ ئىنسان كۆرۈنمەيتتى. سول تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ھوجرىغا كىرسەك، گاڭ سىلىڭ بىلەن چېڭ سىلىڭ بىر - بىرىنى ئېتىشىپ ئۆلۈۋاپتۇ. چېڭ سىلىڭنىڭ ئۇيغۇر تەرجىمانى ياسىننى تاپقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانداق ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىر ئاز بىلگەن بولدۇق. بىز: «ئەمدى شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، بولارنىڭ ئۇششاق - چۈششەكلىرى قاپتۇ». دېيىشتۇق - دە چىقىپ كەتتۇق.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شەھەر ئىچىنى تىنچىتىش، رەتلەش، تەشكىللەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتۇق، مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، كۈرەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 60 شتاتلىق پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسىنىمۇ قورشۇۋالدۇق.

بىز خىزمەتكە كىرىشىپ 6 - كۈنى گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ كۈرە ھەربىي رايونىغا پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن 2 گېنېرالىنىڭ شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى «باقى ئالەم» بۇتخانىسى راھىبىنىڭ ھوجرىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بىز بىر قانچە مۇھاپىزەتچىنى باشلاپ، بۇتخانا راھىبىنىڭ ئىچكىرىدىكى ھوجرىسىنى ئاختۇرۇپ ئۇلارنى تېپىۋالدۇق. ئۇلار چىرايى تاتىرىپ تىترەك باسقان پېتى ئۆرە تۇرۇپ، بىزگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، پۇقراچە كېيىنىۋالغانىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ھەشەمەتلىك، يوغان بىر سىرلىق ياغاچ ساندۇق تۇراتتى. بىز ئالدى بىلەن ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ كۆردۇق، ئىچىدىن 2 دانە ئاپتوماتىك يان قورال، 2 دانە ھەربىي دۇربۇن، 2 دانە يەر ئۆلچەش ئاپپاراتى، 2 دانە فوتو ئاپپارات، سىركول جابدۇقلىرى، ئون نەچچە قەلەم، جۇڭگونىڭ بىر ھەربىي خەرىتىسى، خەرىتە تاختىسى قاتارلىق ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ھەربىي ئىنژېنېرلىق سايمانلىرى چىقتى. بىز بۇ ئىككەيلەننى كېچىلەپ ھارۋا بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يورۇق بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىز بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلدۇق.

دەسلەپكى سوراق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىرىنىڭ ئىسىم - ئۇنۋانى گېنېرال لېيتېنانت جاڭ يىڭ، يەنە بىرىنىڭ گېنېرال مايور ياڭ ۋۇ ئىكەن. ئۇلار ئىلگىرى ئامېرىكا بەش بۇرجەكلىك بىنا (دۆلەت مۇداپىئە باش قوماندانلىق شتابى) قارمىقىدىكى ھەربىي ئاكادېمىيىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھەربىي ئىنژېنېرلار ئىكەن. ئۇلار



1944 - يىل 4 - ئايدا كۆرەگە يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كۆرەدە «جۇڭگو قىزىل پاچاقلىرى» نىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلەشمە ھەربىي پىلاتسدارىم (يېرىك ئاۋىئاتسىيە بازىسى) قۇرۇش ئىكەن. بۇ بازىغا 600 دىن ئوشۇق ھەرخىل ئايروپىلان، ئوندىن ئوشۇق تانكا، پاراشوتچىلار دېۋىزىيىسى، راكېتا قىسىملىرى سىغدىكەن. دەسلەپكى ئۆلچەش لايىھىسىگە قارىغاندا، بۇ بازا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى، كۆرە ھەربىي رايونىنىڭ غەربىدىكى قوناجى دېگەن دالىغا قۇرۇلىدىكەن، 5 يىل ئىچىدە (1950 - يىلىغا قەدەر) پۈتتۈرۈلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، سىياسىي كۆز قارىشىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار ئىدى. جاڭ يىڭنىڭ ھەربىر سۆزىدىن ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىك، تەرسالىق، كوممۇنىزمغا بولغان ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ياڭ ۋۇدىن بولسا، ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان، كوممۇنىزمنى ئانچە قارىلىمايدىغان، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىلاجى بار ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى خالايدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماددىي مەدەت ئېلىشنى خالايدىغان ئىدىيىۋى خاھىش چىقىپ تۇراتتى. بىز بۇلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پاراڭلىششقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ساقچى ۋازارىتىگە مەلۇم قىلدۇق. 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساقچى ۋازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەلى ئەپەندى بىلەن مالىك ۋورنوف يېتىپ كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ 2 گېنېرالنى سوراق قىلىش تەييارلىقىنى تەق قىلىپ بەردۇق. ماددىي ئىسپاتلارنى كۆرسەتتۇق ۋە ئۆزىمىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدۇق. ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى رۇڭلەي (شىبە) نى تەرجىمانلىققا تەييارلاپ قويدۇق. ئۇ رۇسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىگە ماھىر ئىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئەلى ئەپەندى گېنېرال جاڭ يىڭنى رۇس تىلىدا سوراق قىلدى. مالىك ئارىلاپ سوئال ـ سورىغاچ خاتىرە يازدى. بىزمۇ چەتتە ئولتۇرۇپ خاتىرە يازدۇق. ئەلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ قانداق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەقسەت - مۇددىئالىرىنى بىلگەندىن كېيىن:

— سەن ئىلىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئىلىدا يۈز بەرگەن بۇ ھەرىكەت ساۋاتسىز دېھقانلارنىڭ بىر خىل قىرغىنچىلىق توپىلىڭى. دۆلىتىمىزگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە 50 كە يېقىن ئۇششاق زۇڭزۇلار (ئۇرۇقداشلار) بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋەرسە، دۆلىتىمىز بىرقانچە ئون پارچىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، قۇدرەتلىك جۇڭخۇا مىنگو بولماي قالىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇلىرىمىز ئالدىراپ كەتمىسىمۇ، ئاساسىي قانۇنىمىز يولغا قويۇلغاندا، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) بويىچە مۇختارىيات بېرىلەتتى ئەمەسمۇ؟

— خەلق قوزغىلىڭى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، سەن قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسەن؟

— دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بۇ ئىسيانىغا سوۋېتلىكلەر قول تىقىپ ئارىلاشمىغان بولسا، ھەرگىز غەلىبە قازىنالمىغان بولاتتى. ئۇلار ئاللىقاچان غۇلجىدىلا بېسىقتۇرۇلۇپ بولاتتى. ئەمدى سىلەر ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ قالساڭلار بولىدۇ.

— سەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى بىلەمسەن؟

— جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ بىزنىڭ بىردىن بىر رەقىبىمىز. ئۇلار بىلەن گاھىدا دوستلىشىپ قالىمىز، گاھىدا دۈشمەنلىشىپ ئۇرۇشۇپمۇ قالىمىز. ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، لىيۇ شاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي، پېڭ دېخۇەي، لىيۇ بوچېڭلارنى بىلىمەن. مەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە جۇئېنلەينىڭ قولىدا ئوقۇغان، ئۇ گومىنداڭ رەھبەرلىرى بىلەن چىقىشقاق، كۆزگە

كۆرۈنگەن دىپلومات.

— مۇندىن كېيىن نىمە ئىشلارنى قىلماقچىسەن؟

— بۇ يەردە ماڭا لايىق ئىش يوق. سىلەر ئۇرۇش قىلىۋاتىسىلەر، قاچان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، قۇرۇلۇش قىلىدىغانلىقىڭلارغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى مىنى ئەسىر ھىسابىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

بىرقانچە ئونلىغان سوئاللار قويۇلۇپ جاۋابلار ئېلىنغاندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ يىڭ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان سوراق ئاخىرلاشتى.

2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، گېنېرال ياڭ ۋۇ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان سوراق كەچقۇرۇن سائەت 6 گىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پاراڭ ئەيىپكارنى سوراق قىلىش شەكلىدە ئەمەس، سۆھبەت شەكلىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەلى ئەپەندى سۆھبەتتىن ئىلگىرى بىزنىڭ دوكلاتىمىزغا ئاساسەن، ياڭ ۋۇنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى بىر قەدەر بىلىۋالغانىدى. ئەلى ئەپەندى ئالدى بىلەن:

— ياڭ ئەپەندى، سىز ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قانداق قارايسىز؟ قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى، سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دىسەم خاتا بولماس. تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەر ھەر مىللەت خەلقىگە ئارتۇقچە بېسىم ئىشلىتىپ، تولىمۇ قاخشىتىۋەتكەنلىكتىن، خەلق قوزغىلىڭى يۈز بەردى. زۇلۇم، سېلىق ئاشىۋەرسە، خەلق كۆتۈرۈلمەي قانداق قىلسۇن. ھۆكۈمىتىمىز بۇرۇنراق مۇختارىيات (ئاپتونومىيات) بەرگەن بولسا، ئۆزلىرىدىن رەئىس، ھاكىم سايلاشقا، مىللىي قوشۇن قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقى بەرگەن بولسا، قىسقىسى، ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئەركىنلىكىنى بەرگەن بولسا، مانا مۇشۇنداق قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقمىغان بولاتتى. كۈنلەرنىڭ بىردە ھۆكۈمىتىمىز ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ مىللەتلىرىگە مۇختارىيات بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىردە مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن ھۆكۈمىتىمىز ئىتتىپاقلاشماي قالمايدۇ. ئۇلۇغ پېشىۋايىمىز سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ مىللىي مەسىلەك سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق باراۋەر مىللەتلەرگە ئايلاندۇرۇشقا قارىتىلغان ئەمەسمۇ! مەن سىلەرنىڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىڭلارنى قوللايمەن. مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزدىن تولۇق مۇختارىيات تەلەپ قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. ئەپسۇسكى، پىرقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانغا ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇختارىيات بېرىشكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزىمىزگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان قېرىنداش دوست قىلىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، قانداق قىلغاندا دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ - دە، ئۆزلىرىگە ئاۋارىچىلىقنى تېپىپلا يۈرىدۇ.

— سىزنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىڭىز قانداق؟ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىز؟

— جۇڭگودا زور قوراللىق كۈچكە ئىگە ئىككى پارتىيە بار. بىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئىگە گومىنداڭ پىرقىسى، يەنە بىرى قوراللىق پارتىزان قوشۇنىغا ئىگە قوزغىلاڭچى كومپارتىيە. بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ داھىسى گېنېرالىسسىموس جياڭ جيېشى. كومپارتىيىنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ. ئىككى پارتىيە بىرقانچە قېتىم بىرلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقان. زىددىيەت كۈچەيگەندە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشۇپمۇ قالغان. بولۇپمۇ پىرقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم تەرسالار كومپارتىيىگە ئېغىر زىيانلارنى سالغان. مەن ئەزەلدىن ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىشىپ، دۆلەتنى ئازاد قىلىشنى ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم.

رەئىس ماۋزېدۇڭ مىللەتپەرۋەر، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق دۆلەتكە بېقىندى بولۇشنى خالىمايدۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش

كۆرۈشكە ماھىر، ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاشقا ئامراق. ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇدې، پېڭ دېخۇەي، خې لوڭ، چېن يىلارنى ئوبدان بىلىمەن. جۇ ئېنلەي بولسا، ئەمەلىيەتچى، دۇنيانى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، كارامەت دىپلومات، چېقىشقاق. بولۇپمۇ بىزنىڭ پىرقىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق. پىرقىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ ھېسابسىز دوستلىرى بار. ئىككى پارتىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئورتاق ياخشى ئىش ئىزلىرى ئەنە شۇ جۇئېنلەينىڭ ئۆز قولى بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ ئېسىل ئىنسان ھەتتا دۈشمەنىنىمۇ ئۆزىگە قايىل قىلىپ، چىن دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ. ۋېيپۇەنجاڭ-مىزمۇ جۇئېنلەينى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى ۋە ئېھتىيات قىلاتتى.

— سىلەر باشلىماقچى بولغان قۇرۇلۇشنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

— بۇ غايەت زور خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال ھەربىي قۇرۇلۇشنى جاڭ ۋېيپۇەنجاڭ بىلەن روزۋېلت زۇڭتۇڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەنىكەن. مەن بۇنداق ھەربىي بازىنى ياساپ پايدىلىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزگەنىدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغان مۇنداق بىر ئورۇندا ھەربىي بازا قۇرۇش خەتەرلىك ئىدى. مۇبادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان بولسا، بىر كۈنىگىمۇ پايلىماي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تەرىپىدىن بىت-چىت قىلىنىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇنداق بولماي تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، بۇ بازا ئامېرىكا ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتەتتى-دە، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا كۈتۈلمىگەن خەۋپ يېتەتتى. ئىلى مىللىي ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى ئەنە شۇنداق خەلقئارا خەتەرنى يوقىتا چىقاردى. بىزمۇ ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

— سىز بۇنىدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— مەن بولسام ئەسىرگە ئېلىنغان بىر گېنېرال. ئۆزەمنىڭ ئىستىقبالىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇردۇم. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلەرمۇ مەيلى، يەنئەنگە يولغا سېلىپ جۇئېنلەيگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارمۇ مەيلى، جۇئېنلەي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىغان داھىي، ئەمما ئىلى رايونىدا قال دىسەڭلارمۇ مەيلى، زېھىن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل قۇرۇلۇشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىمەن.

3 - كۈنى سوراق، سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ساندۇقتا پېچەت سېلىنىپ، ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېتىلدى. بۇ ئىككى گېنېرال 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ياتاقلىرىدا ئالاھىدە كۈتۈشلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئاي ئاخىرىدا ساقچى ۋازارىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غۇلجىغا يولغا سېلىنىدى. 1946 - يىل 11 - ئايدا ئاباسوپىتىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا، ساقچى ۋازارىتىدە ھەربىي خەرىتە سىزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىتىمدىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاز كۈنلەردىن كېيىن گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

# جەڭگاھتا كۆرگەن ـــ ئاڭلىغانلىرىم

شەمسىدىن سوپىيوف

مەن 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 17 يېشىمدا مىللىي ئارمىيىگە كىرىپ، ھەرەمباغ، كەڭساي، سىتەي، ئۈتەي، بورتالا، بۆرچىن، كونا شىخو، يېڭى شىخولارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتىم. بۇ جەرياندىكى بەزى كەچۈرمىشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## ھەرەمباغ ئۇرۇشى

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى. دۈشمەن قوشۇنى ھەرەمباغ، ئايرودروم، لياڭشياڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ چاغ قوزغىلاڭچى قوشۇن پارتىزانلىق ھالەتتىن مۇنتىزىملىشىشقا ئۆتۈۋاتقان چاغ ئىدى.

1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ھەرەمباغدىكى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، پارتىزان ئەترەتلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇردى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز: بايكۆل ئەتراپىدىكى دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىدىن قوماندانلىق شتابىغا دوكلات يوللاش ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، جەڭ سىگنالى بېرىلگەن ھامان بايكۆل تەرەپتىكى پوتەينى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئىدى. بىز بۇيرۇققا بىنائەن، كۆرسىتىلگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ، ئەتراپنىڭ يەر شەكلىنى ئىگىلەپ، ھۇجۇم سىگنالى بېرىلگەن ھامان دۈشمەن پوتېيىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلدۇق. بىزنىڭ ئوتتۇرىدىكى جەڭچىلەرنىڭ روھى ئۈستۈن ئىدى. ھۇجۇم سىگنالى بېرىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىش سىگنالى بېرىلدى. ئوتتۇرىمىزدىكى كوماندىرىمىز دەرھال يىغىلىش بۇيرۇقى بەردى، بىز دەرھال تىزىلدۇق. كوماندىرىمىز: «قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دۈشمەننى ئۈزۈشىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىمىز، دۈشمەنگە قېچىش يوچۇقى قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئايرودروم تەرەپنىڭ يولى ئېچىۋېتىلدى. دۈشمەن تاغ تەرەپكە يەنى پىلىچى خاڭ تەرەپكە قېچىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش. ئالدى بىلەن پوتەيگە ھۇجۇم قىلىمىز؛ مەن بۇ پوتەيگە ئىككى قېتىم بارغان. بۇ پوتەيگە بېرىش يولى ماڭا تونۇش، مەن بىر جەڭچى بىلەن ئوڭ تەرەپنى ئايلىنىپ پوتەيگە بارىمەن. سىلەر مېنى قوغداش يۈزىسىدىن پوتەي كۆنگىرىسىنى ئوققا تۇتۇڭلار. ھازىر تاڭ يېقىنلاشتى، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن پوتەي يېنىغا بېرىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن پوتەيدىكى دۈشمەن پىلىموتچىكىنى ئۆلتۈرۈپ، پىلىموتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پوتەيدىن بەلگە بېرىمەن. مەن قايتىپ كەلگىچە ۋاقىتلىق كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى X X يولداش ئۆتەيدۇ» دېدى ـ دە، ئاپتوماتنى ئېلىپ، 7 ـ 8 تال گراناتنى بەلگە قىستۇرۇپ، بىر جەڭچىنى ئەگەشتۇرۇپ، پوتەيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بىز ئالماقچى بولغان بۇ پوتەي ناھايىتى ئېگىز جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى تۈپتۈز، دالدا قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوتەينىڭ ئوت كۈچى كۆپ بولۇپ، پىلىموتى 4 ـ 5 كە يېتەتتى. پوتەي ئەترابى پۈتۈنلەي مىنالاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، مىنادىن ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. دۈشمەن پىلىموت، مىلتىق، گراناتلارنى

ئىشقا سېلىپ، جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بىزمۇ ئاپتومات بىلەن پوتەي كۇنگىرىسىنى ئوققا تۇتتۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزى دۈشمەن پوتىيىدىن بېرىلىدىغان بەلگىگە تىكىلگەندى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پوتەينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كۇنگىرىسىدىن چاپاننىڭ يېڭى چىقىرىلىپ بەلگە بېرىلدى. ئارىمىزدىن بىر رۇس جەڭچى خۇشاللىقىدىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ھۇررا - ھۇررا دەپ ۋاقىرىشىغا، ئوڭ قولىغا پىلىموت ئوقى تېگىپ يارىلاندى. ۋاقىتلىق كوماندىر شۇ ھامان ماڭا: «ئوق تەگكەن يولداشنى ئارقا سەپكە ئاپىرىۋېتىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋالنى قوماندانغا دوكلات قىل» دەپ بۇيرۇق بەردى. مەن يارىدار يولداشنى ئارقا سەپكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قوماندانغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. قوماندان مېنىڭ سۆزۈم تۈگىمەستىنلا ئاچچىقلاپ كەتتى ۋە: «كوماندىرىڭلار كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئوتدېلېنىيە جەڭچىنى تاشلاپ، ئۆزى دۈشمەن ئىستىھكامىغا كەتتى؟ دەرھال ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى قېرىنداش قىسىملارغا خەۋەر قىلىڭلار، ئۇنىڭ سالامەت قايتىپ چىقىشى ئۈچۈن ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىلسۇن» دەپ يېنىدىكى 2 كوماندىرغا بۇيرۇق قىلدى.

مەن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا كوماندىر بىلەن كەتكەن جەڭچىنى ئۇچراتتىم. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «كوماندىرىمىز مەخمۇت شېھىت بولدى» دېدى. ئۇ، ئوتدېلېنىيىگە قايتىپ كېلىپ، ۋاقىتلىق كوماندىرغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز پوتەيگە يېقىنلاپ بارغاندا، دۈشمەن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، قارغۇلارچە گرانات تاشلىدى، بۇ گراناتلار پوتەي ئەتراپىغا كۆمۈلگەن مىنالارنى پارتلىتىپ، بىزنىڭ پوتەيگە يېقىنلىشىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. كوماندىر: ‹سەن مۇشۇ يەردە يېتىپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ، گرانات تاشلاپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزەڭگە تارتقىن، مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوتەيگە بېرىۋالىمەن، دېدى. مەن پوتەينى ئۇدۇلدىن ئوققا تۇتتۇم، ئۇ ياندىكى كىچىك دۆڭنى دالدا قىلىپ، پوتەيگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. كوماندىر 50 مېتىردەك يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، بىر گراناتنى تاشلاپ، ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكەلدىم. دۈشمەن گرانات تاشلانغان جاينى قارغۇلارچە ئوققا تۇتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى ئورۇندىن ئاپتومات بىلەن ئوق ئاتقىلى تۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن پوتەي ئىچىدىن پارتلاش ئاۋازى چىقتى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىككى تۆشۈكتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى يوقالدى. كوماندىر شۇ چاغدا چاپاننى كۇنگىرىدىن چىقىرىپ بەلگە بەردى. دۈشمەن يەنە توختاپ - توختاپ ئوق ياغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا پوتەيدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق پارتلاش ئاۋازى چىقىپ، ئەتراپنى ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى. پوتەينىڭ 2 - قەۋىتىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموتلار بىراقلا جىمىقتى. مەن پوتەيگە قاراپ ئون نەچچە قەدەم مېڭىشىمغا، كوماندىر بىر پىلىموت، 2 تال ياپونكا مىلتىقىنى كۆتەرگەن پېتى ئالدىمغا چىقتى: ‹ئارقىڭغا چېكىن، ئۆز سېپىمىزگە قايتىپ دۈشمەننى كۆزىتىمىز، پوتەيدىكى دۈشمەن ئاساسەن تۈگىدى، 3 - قەۋەتتىكى دۈشمەن ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. بىھۇدە قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قېچىش يولىنى قالدۇرۇپ، دۈشمەن پوتەيدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، قورشاپ تىرىك تۇتىمىز دېدى. شۇ ئەسنادا 3 - قەۋەتتىكى دۈشمەن بىزنى غالجىرلارچە ئوققا تۇتتى. مەن كوماندىرنىڭ 5 مېتىر ئارقىسىدا ئۆمىلەپ ماڭدىم. كوماندىر ئېرىقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، نېرىدىكى ئازگالغا ئۆتمەك بولغاندا ئوق تېگىپ يىقىلدى. مەن ئۇنى يۆدۈپ ئازگالغا ئېلىپ چۈشۈپ قارىسام، 6 - 7 جايىغا پىلىموت ئوقى تېگىپتۇ. كوماندىر قولىنى كۆتىرىپ پوتەي تەرەپكە سۇنۇپ، بىر نەرسە دېيىشكە ئاغزىنى مىدىرلىتىپلا جىم بولۇپ قالدى. قارىسام شېھىد بولۇپتۇ»

ۋاقىتلىق كوماندىر دوكلاتنى ئاڭلاپ: «يولداشلار، بىز خەلقىمىزنىڭ باتۇر ئوغلانى، بىزنىڭ كوماندىرىمىز مەخمۇت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك» دېدى. بىز كوماندىرنىڭ جەسەدى قالغان جايغا ئىلگىرىلەپ پوتەيگە يېقىنلىشىشىمىزغا پوتەيدىكى قالدۇق دۈشمەن

پوتەيدىن چىقىپ قاچتى. بىز دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ھەرەمباغدىن قېچىپ چىققان دۈشمەن پىلچى سايغا بارغاندا، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

## كەڭساي، ستەي، يەنسىخەيلەردىكى ئۇرۇش

غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئىزۋوتىغا 40 جەڭچى تاللاپ ئېلىندى، مەنمۇ شۇ 40 جەڭچىنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندىم. دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، قوماندانلىق شتاب بىر رازۋېتكا ئىزۋوتىنى كەڭسايغا ئەۋەتتى. مەنمۇ شۇلار ئىچىدە ئىدىم. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كەڭسايدىكى دۈشمەننىڭ سانى، ئىستىھكامى، ئوت توچكىلىرىنىڭ جايلىشىشى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش ئىدى. بىز غۇلجىدىن قېيوم بۇلاقچە ماشىنا بىلەن باردۇق، قېيوم بۇلاقتىن پىيادە كەڭسايغا قاراپ ماڭدۇق. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، قار قېلىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچىمىزدا جۇۋا، پۇتىمىزدا پىيما، ئۈشىنىمىزدە مىلتىق بولغاچقا، يول يۈرۈش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بىز قىيىنچىلىقنى يېڭىپ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاپ باردۇق. دۈشمەن تاغ چوققىلىرىغا پوتەي ياساپ، مۇستەھكەم جايلىشىپ، جىددىي ھالەتتە تۇرغانىكەن. بىزنى سېزىپ قېلىپ، بىزگە ئوق ياغدۇردى. بىزمۇ دۈشمەننىڭ پۈتۈن ئوت توچكىلىرىنى ئىشقا سالدۇرۇپ ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئېتىپ، گرانات تاشلاپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتۇق، دۈشمەن دەسلەپتە بىزنى زور قوشۇن دەپ بىلىپ، پىلموت، زەمبىرەك، مىناميوتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قالايمىقان ئوق ئېتىپ، كەڭساي ئىچىدىكى قاڭالتىردا يېپىلغان كورپۇس - كورپۇس ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىز ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلەپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن قايتماقچى بولدۇق. لېكىن دۈشمەن بىزنىڭ رازۋېتكا قىسىملىقىمىزنى بىلىۋېلىپ، تىرىك قايتىشىمىزغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز چېكىنىۋاتقاندا مۇئاۋىن كوماندىر زىنكەيوفقا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. بىز 2 ياردار بىلەن زىنكەيوفنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ قېيوم بۇلاققا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە قوماندان زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازاروف بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

قوماندانلىق شتاب بىز تەمىنلىگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، دۈشمەنگە كەڭسايىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چىقاردى. كەڭسايدا نەچچە كۈن ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، دۈشمەن قوشۇنى ستەيگە چېكىندى، ئۆتەيدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىنىمۇ ستەيگە يۆتكەپ مۇداپىئەدە تۇردى. ئارمىيىمىز مۇز تۇتۇپ كەتكەن سايرام كۆلىدىن ئۆتۈپ، ستەيدىكى دۈشمەنگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، بىر قىسىم پارتىزانلار بورتالا تەرەپتىكى تاغدا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىستىھكام قۇردى. 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۆتەيگە قاراپ چېكىنگەن دۈشمەن قوشۇنى پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، نەچچە يۈز ئادەمىدىن ئايرىلدى، ئاز ساندىكى باشلىقلىرىلا قېچىپ قۇتۇلۇپ داخىيەنزىگە بېرىۋالدى. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەپكە زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازاروف قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. قوماندانلىق شتابىمىز ستەيگە جايلاشتى، ئالدىنقى سەپ ئۆتەيدە بولدى. دۈشمەن داخىيەنزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ تۇرۇپ، جىڭدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىدى. بىز ئىككى ھەپتىگىچە ئۇرۇش توختىتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. قوماندانلىق شتابىمىز ئۆتەيگە يۆتكەلدى. ئاندىن يەنە ھۇجۇم قىلدۇق، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. دۈشمەن ئايروپىلانى ھەركۈنى ھاۋادىن ئوق ياغدۇرۇپ ۋە بومباردىمان قىلىپ تۇردى. 1945 - يىل 4 - ئايدا داخىيەنزە ئازاد قىلىندى.

## شخو، جىڭلارنى ئېلىش

1944 - يىل 6 - ئايدا مەن شىمالىي يۈرۈش

ئارمىيىسىگە بۆلۈندۈم. بىز گېنېرال فالىنوف، زۇنۇن تېيىپوف، ئالىكساندىر ئىۋانوف باشچىلىقىدا بورتالا، چۆچەك، ئالتايلارغا يۈرۈش قىلدۇق.

بىز چۆچەكتە بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ، 8 - ئايدا شىخوغا قاراپ يولغا چىقتۇق. چېپەيزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ تۇرغان دۈشمەن بىلەن 2 كۈن قاتتىق جەڭ قىلدۇق، گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانلىرى كېلىپ بومباردىمانمۇ قىلدى، لېكىن 3 - كۈنگە بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇلار كونا شىخونى تاشلاپ يېڭى شىخوغا كىرىۋالدى. بىز كونا شىخوغا كىرىپ، دوختۇرخانىنى ئارقا سەپ قىلدۇق ۋە يېڭى شىخونىڭ شىمالىي، غەربىي تەرىپىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ ئۇرۇش قىلدۇق. دۈشمەن تانكا، ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سالدى، لېكىن بىزدە تانكا يوق ئىدى. 5 كۈن ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولدى. نۇرغۇنلىغان يولداشلار قۇربان بولدى. ئېغىر بولغىنى شۇكى، شىخونىڭ شەرق تەرىپىدىكى سازلىقتا بىر تۈگمەن بولۇپ، دۈشمەن تۈگمەن ئىچىگە پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان، سازلىققا سۇ قويۇپ ئادەم ئۆتۈشكە بولمايدىغان قىلىپ قويغانىكەن. باتالىئون كوماندىرى جەڭچىلەرنى سازلىقتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. سازلىقتا تىزغا كەلگىچە سۇ بار ئىدى. جەڭچىلەر سازلىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، تۈگمەندىكى دۈشمەن پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، بىر روتا ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىۋەتتى، پەقەت بىرنەچچە سېپىسترالا قالدى. ئاخىرى بىز 3 جەڭچى تۈگمەننىڭ ئۆستىڭى بىلەن تۈگمەن ئاستىغا كىرىپ، دۈشمەننى تەسلىم قىلدۇق.

2 كۈندىن كېيىن بىزنىڭ مۇھاپىزەت ئىزۋوتىمىز مۇھاپىزەت ئىسكادرونىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ چاغدا جەڭ تېخى ئازاد بولمىغانىدى. بىر كۈنى 2 قوماندان 20 مۇھاپىزەتچىنى ئېلىپ، شىخودىن جىڭخېغا قاراپ يولغا چىقتى. بىز قومبۇلاق دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ يەرگە جايلاشقان دۈشمەننى پاراكەندە قىلدۇق. ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ يولىنى ئىگىلىۋالدى. 6 - كۈنى جىڭدىكى دۈشمەنلەر 3 كە بۆلۈنۈپ قېچىشقا باشلىدى، دېگەن خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، شىخودىكى ئارمىيىمىز 3 يولغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۈشمەن تۆۋەندىكى 3 يولغا بۆلۈنۈپ قاچاتتى: 1. جىڭدىن تاغ ياقىلاپ جەنۇب تەرەپ بىلەن ئۈرۈمچىگە قاچاتتى؛ 2. ئوتتۇرا يول يەنى ماشىنا يولى بىلەن مېڭىپ، شىخوغا كېلىپ تەسلىم بولاتتى؛ 3. ماشىنا يولىنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە كېتەتتى. دەرۋەقە دۈشمەنلەر مۇشۇ 3 يول بويىچە جىڭدىن قېچىپ چىقتى. گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ قوشۇنى دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. گېنېرال فالىنوفنىڭ قوشۇنى دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا يول بىلەن كەلگەن 800 دىن ئارتۇق ئەسكىرى چىگىشوردا تەسلىم بولۇپ، بارلىق قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇردى، بىر پايمۇ ئوق چىقارمىدى. 3 - يولدىن قاچقان 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئۆز قوماندانىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، كونا شىخو تەرەپ بىلەن يەنسىخەينى بويلاپ قاچتى، ئۇلار ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ ماڭدى. لېكىن ئارمىيىمىز ھەممە تەرەپنى قورشىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقتىن، بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئەسكىرى سازلىققا پېتىپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتتىۋاشلىرى جىڭنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، جىڭدىكى گېنېرالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بىر جىپ ماشىنا بىلەن 30 قوغدىغۇچىنى يەنسىخەي قۇمۇشلۇقىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن ئەۋەتكەنىكەن. جىڭدىن قاچقان ھېلىقى گېنېرال ئاران بىرنەچچە ئادىمى بىلەن قۇمۇشلۇققا كىرىۋالدى. ئۇلارنى قوغلاپ بارغان بىزنىڭ قوشۇنىمىز قۇمۇشلۇقنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ بولۇپ، ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال فالىنوف دۈشمەنگە 3 ۋەكىل كىرگۈزدى. ۋەكىللەر 2 سائەتتەك ھايال بولۇپ، ساق - سالامەت قايتىپ چىقتى ۋە دۈشمەن گېنېرالىنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە تىنچ كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يولنى

ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ھاۋا ئىسسىق، ۋاقىت جىددىي بولغاچقا، گېنېرال فالىنوف پىلان بويىچە، قومۇشلۇقنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئوت يېقىشقا بۇيرۇق قىلدى. قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار ھەش - پەش دېگۈچە قىپقىزىل ئوت بولۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئىس - تۈتەك ھەممە تەرەپنى قاپلاشقا باشلىدى. قېچىشقا ئامالسىز قالغان دۈشمەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

## ئالتايغا ئۇچۇش

مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىدىن ئارقا سەپكە قايتقاندا، مەن ئايروپىلان ئاتىدىغان زېنىت پىلىموت روتىسىغا بۆلۈنۈپ، غۇلجا ئايرودرومىغا ئورۇنلاشتىم. بىز 70 جەڭچى ئىدۇق، 6 زېنىت پىلىموت بار ئىدى. زەنسەنباي روتا كوماندىرى، مەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولدۇم. بىزنىڭ بۇ روتىغا قوماندانلىق شتابى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى، يۈرۈش - تۇرۇشىمىز ئاكوپ ئىچىدە بولاتتى، شتاب بىلەن تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشەتتۇق.

1947 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كېچىدە قوماندانلىق شتابىدىن: «بىر باشلىق بىلەن 5 جەڭچى تاللانسۇن، ئۇلار تاڭ ئاتقاندا قوماندانلىق شتابىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلسۇن» دەپ جىددىي تېلېفون كەلدى. سەھەردە 6 مىز قوماندانلىق شتابىغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. بىر رۇس كاپىتان كىرىپ: «سىلەر ھازىر ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا قورال - ياراغ ئاپىرىسىلەر. ئوسمان باندىت خائىنلىق قىلىپ ئالتاي شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. دەلىلقان پولكوۋنىك قوماندانلىق شتابىنى ئالتاي ئايرودرومىغا يۆتكەپ، ئوسمان بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. قورالنى يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىشتا ئېغىر ياردارلارنى ئېلىپ كېلىسىلەر» دېدى.

بىز ئايروپىلاننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇردۇق. يېنىمىزدا ئالاقە قىلىدىغان رادىست بار ئىدى، ئۇ رۇسچە خەۋەرلىشىپ تۇراتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئالتايدىكى خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇچقۇچىلار جىددىيلەشتى. بەزىلىرى چۆچەككە بېرىپ خەۋەرلەشكەندىن كېيىن ئاندىن بارايلى دېيىشتى. بىراق، ئايروپىلان باشلىقى: «بىز قەتئىي ئالتايغا بارىمىز، ھازىر بىز تەرەپنىڭ ئوق - دورا، قوراللىرى جىددىي» دېدى. بىز ئايرودرومغا شۇڭغۇپ چۈشتۇق. بۇ چاغدا ئوسمان باندىتنىڭ ئەسكەرلىرى ئايرودرومنى ئىگىلىۋالغانىكەن، ئۇلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن بىز تەرەپكە ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىي قوزغىلىپ ئۇچۇپ كەتتۇق. ئۇلار ئوق ئاتتى. بىز ئالتايدىن چىقىپ چۆچەك ئايرودرومىغا قوندۇق. ئاندىن بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا قايتتۇق.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت مازاروفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 2 - قېتىم ئالتايغا ئۇچتۇق. ئۇچقۇچىلار ئىچىدە بىر ئۆزبېك يىگىت بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن پات - پاتلا ئالتاي بىلەن ئالاقىلىشىش ئەھۋالىنى سوراپتتۇق. ئۇ: «قورقىۋاتامسىلەر، ھېچ گەپ يوق، ئالدىمىزدىن ئېنىق خەۋەر بار، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى. ئايروپىلان ئايرودرومنى بىر ئايلىنىپ ئاندىن قوندى. ئەتراپتىكى ھەربىيلەر ئىنتايىن ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، ئۈچ ۋىلايەت بايرىقىمۇ لەپىلدەپ تۇراتتى. بىز خاتىرجەم ھالدا ئايروپىلان قېشىغا ئادەم كېلىشنى كۈتتۇق. ھايال قالماي 2 ئوفىتسېر كەلدى. بىرى بىزنى قوماندانلىق شتابىغا باشلاپ باردى. بىز كىرىپ، پولكوۋنىك دەلىلقانغا ھەربىيچە سالام بەردۇق ۋە قولىمىزدىكى تىزىملىكنى سۇندۇق. پولكوۋنىك بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە بىزدىن ھال سورىدى. بىز بىرەر سائەتتىن كېيىن سالام بېرىپ قايتىشقا رۇخسەت ئالدۇق. 4 - 5 ياردار بىلەن 2 دوختۇرنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق. چۆچەك ئايرودرومىدا ماي قاچىلىغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قاراپ ئۇچتۇق. بىز غۇلجا ئايرودرومىغا يېتىپ كەلگەندە، دوختۇر ماشىنىسى، دوختۇرلار ۋە بەزى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن.

تەييارلىغۇچى: نىياز كېرىمى

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

# فامىلىمىزنى خىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرنەچچە تەكلىپ

## ئەخمەت روزى توغرۇل

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

فامىلىنىڭ ئورتاق قانداشلىقى بولغان بىرجەمەت كىشىلىرىنىڭ بەلگىسى، شۇ جەمەتكە بېسىلغان تامغا ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمدىلا تۇتىم ئېتىقادى بىلەن باغلانغان ئېپتىدائىي فامىلە ئادىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمۇ ئايدىڭلاشماقتا①. ئەمما بىز دۇنياۋى مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشكە ئىنتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تېخى دۇنياۋى مىللەت بولۇشنىڭ ئەقەللىي شەرتى بولغان فامىلىلىك بولۇش ئىشىمۇ ئومۇمىي مىللەت مىقياسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقىنى ۋە ئەمەلگە ئاشقىنى يوق.

قارايدىغان بولساق، ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك فامىلىسى بار، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ فامىلىسى يوق، ھەتتا ئىسمىمۇ يوق. دۇنياۋى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەزەلدىن فامىلىسى بولغان ئەمەس. ئالايلى، رۇسلار 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ فامىلە قوللانغان، بىراق دەسلەپتە پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا فامىلە قوللىنىش ھوقۇقى بولغان. ياپونىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ئىشكىنى تاقىۋالغان، بېكىنمە ھالەتتىكى قالاق دۆلەت ئىدى، كىشىلەرنىڭ فامىلىسى يوق ئىدى، مېجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا، پادىشاھ پۇقرالارغا فامىلە تۇرغۇزۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، فامىلە قوللانمىغانلارغا جەرىمانە قويۇلغان، فامىلە تاپالمىغانلارغا ئۇلارنىڭ ئولتۇراق شارائىتى، ئىش ـ ئوقۇتىگە قاراپ فامىلە بېرىلگەن. ھازىر ياپونىيىدە ھەرقانداق بىر چەت ئەللىكنىڭ ياپونىيە گراژدانى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياپونچە فامىلە قوللىنىش شەرت قىلىنىدۇ.

تۈركىيىدە كىشىلەرنىڭ فامىلىلىك بولۇشى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئاتىسى مۇستاپا كامالنىڭ پەرمانى بىلەن ئىشقا ئاشقان.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىسمىغا ئۆز ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ياكى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئۇلۇغلايدىغان بىرەر ھايۋاننىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەت بولغان، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردىكى فامىلىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاللاغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەرەبچە قوللاندى، خان جەمەتلىرى ئۆز ئەجدادىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارغا تاقاپ، نەسەبنامە تۇرغۇزدى، ئەدىبلىرىمىز بولسا تەخەللۇس قوللاندى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، بولۇپمۇ 30 ـ يىللاردا يۇرتىمىزدا ئەۋج ئالغان مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىدە بىر قىسىم كىشىلەر باش بولۇپ فامىلە قوللاندى، بىراق فامىلە قوللانغۇچىلار مۇئەييەن دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ بۇ فامىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ھەقىقىي فامىلىگە ئايلىنالمىدى. بۇ ھەقتە فامىلە توغرىلىق ئىزدەنگۈچىلەر كۆپ توختالدى.

## كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

ھازىر فامىلە قوللانغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدا ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشتىن، ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا تىل ۋە تۇرمۇش ئادىتىمىزگە يېقىن بولغان يېڭىچە فامىلە قوللىنىۋاتقانلار ھەمدە ئۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقانلارمۇ خېلى كۆپ.

نۇرغۇن كىشىلىرىمىز سودا - تىجارەت بىلەن ۋە ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىش، سەيلە - ساياھەت قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە چىقماقچى بولغاندا شۇنداقلا چەت ئەلدە يۈرگەن مەزگىللىرىدە ھەمىشە فامىلە مەسىلىسىگە دۈچ كەلگەچكە، فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ياكى يۇرتىنىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ قوللاندى. خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا فامىلىسىز، بۇنداق فامىلىسىزلىك بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئەسلى - ۋەسلىمىزنى بىلمەيدىغان كونا ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىنى قوبۇل قىلالمىغىدەك ھالەتتە ئەمەس. دۇنيا ئۇچۇر دەۋرىگە كىرىۋاتقان، ئەسىر ھالقىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆز ئۇرۇق - جەمەتىمىز ئۈچۈن فامىلە تۇرغۇزۇشىمىز، بىر - بىرىمىزنى فامىلە بىلەن ئاتىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

فامىلە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، نوقۇل بىر دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەمەل ۋە لەقەملەرنىڭ فامىلە تۈسىدىكىلىرىدىن جانلىق پايدىلىنىشىمىز، ئاندىن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز قوللىنىۋاتقان تەخەللۇسلارنى فامىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، بۇلاردىن باشقا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا فامىلە يارىتىشىمىز كېرەك.

لەقەم ئۇيغۇرلاردا كەڭ ئومۇملاشقان، بەزى يۇرتلاردا بىر جەمەت كىشىلىرى ھەتتا بىر مەھەللە كىشىلىرى بىر لەقەم بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بار. مەسىلەن: توقسۇندىكى گۇپپاڭ دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان بىر جەمەتنىڭ نەسەبىگە قاراپ باقايلى: ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى مەڭلىك باقى، ئۇنىڭ ئوغلى بوسۇق سوڭداي (سوڭداي ئەمەل نامى)، ئۇنىڭ ئوغلى گۇپپاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت گۇپپاڭ ھاجى، ئۇنىڭ ئوغلى ئاۋۇدۇن گۇپپاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممىدىن گۇپپاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى روزى گۇپپاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەلىياس گۇپپاڭ②. مانا بۇ فامىلىلەشكەن لەقەم، بۇنداق نەچچە ئەۋلاد قوللىنىلغان، فامىلىلىشىپ كەتكەن لەقەملەر ھەممە يۇرتلاردا دېگۇدەك بار، بۇنداق لەقەملىك جەمەت كىشىلىرى شۇ يۇرتتا باشقا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بەرگەندە شۇ لەقىمى ئارقىلىق تونۇشلۇق بېرىشكە ئادەتلەنگەن. ئىسىم، فامىلە توغرىسىدا كۆپرەك ئىزدىنىۋاتقان غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىرنىڭ فامىلىسى — «كالدىر»مۇ لەقەمدىن ئېلىنغان. غەيرەتجاننىڭ ھازىر بىلىدىغان ئەڭ چوڭ بوۋىسى ئابدۇللاخاننىڭ ئەسلى لەقىمى قۇش بولۇپ، ئۇ كىشى گەپچى، قىزىقچى، ھازىر جاۋاپ كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ لەقىمى كالدىرغا ئۆزگەرگەن ھەم بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدا داۋاملاشقان، يەنى ئۇنىڭ بالىسى موللاھوشۇر ئاخۇن كالدىر، ئۇنىڭ بالىسى كېپەك ئاخۇنۇم كالدىر، ئۇنىڭ بالىسى توختىنەزەرباي كالدىر، ئۇنىڭ بالىسى ئابدۇللا توختىنەزەر ئاخۇنۇم كالدىر دەپ ئاتالغان. غەيرەتجان ئابدۇللا ئۆز يۇرتىدا جەمەتىدىكىلەرنىڭ پەقەت كالدىر لەقىمى بىلەنلا تونۇلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ لەقەمنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان. ھازىر غەيرەتجاننىڭ ئوغلى — قاپلانباي بۇ فامىلىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاپلانباي كالدىر دېيىلىۋاتىدۇ.

لەقەم بىر كىشىنىڭ تەقى - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى، مىجەز - خۇلقى، ھۈنەر - كەسپى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىقلىرىمۇ، سەتلىرىمۇ بولىدۇ، بىر جەمەت كىشىلىرىدە بىرنەچچە خىل لەقەممۇ بولىدۇ. شۇڭا لەقەمنىڭ فامىلە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر جەمەتكە خاس بولۇشى، بىرنەچچە ئەۋلاد قوللىنىلغان ياكى مىراس قېلىنىشقا لايىقلاشقان، ئىلمىي، مىللىي ھەم ئىخچام بولۇشى كېرەك. بىز مۇشۇنداق لەقەم ئارقىلىق شۇ جەمەت كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يىلتىزىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز.

دېمەك، لەقەم بىز ئۈچۈن فامىلە تۇرغۇزۇشتىكى بىردىن بىر جانلىق ماتېرىيال، بىز ئۆزىمىزگە فامىلە ئويلاشقاندا، ئالدى بىلەن ئەجدادىمىزدىن مىراس قالغان لەقەمنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

فامىلە يارىتىشتا لەقەمدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، هازىرقى بىر قىسىم زىيالىيلار قوللىنىۋاتقان تەخەللۇسلاردىن جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ مەنىدىكىلىرىنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇپ، فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشىمىز، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكىنى هازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، تارىخىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى، تىل بايلىقىمىزنى چوڭقۇر قېزىپ، مىللىتىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان هەم هازىرقى تۇرمۇش ئۇسۇلى، مۇھىتى، يۇرۇش - تۇرۇشى، روھىي هالىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شۇنداقلا كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان فامىلە سۆز - ئاتالغۇلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنداق فامىلە سۆزلىرى هەم مىللىي ئالاهىدىلىككە، هەم رەڭدارلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىزدە هازىرغىچە قوللىنىلغان فامىلىلەرنىڭ مەنىسى جەهەتتىن تېخى كۆپ خىللاشقىنى ۋە رەڭدارلاشقىنى يوق. بۇ جەهەتتىكى ئالاهىدىلىك رۇسلارنىڭ فامىلىسىدە خېلى گەۋدىلىك. مەسىلەن: رۇسلاردىكى كۇربىسكىي دېگەن فامىلە كۇربا دەرياسى بويىدا تۇرۇشلۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، گورباچېف — دوك، پلوتنىكوف — ياغاچچى، كۇزنېتسوۋ — تۆمۈرچى، كاراۋايېۋ — بولكا، مېدۋېدېۋ — ئېيىق دېگەنلىك بولىدۇ. ياپونىيىلىكلەردىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايى، شۇغۇللىنىدىغان كەسپىگە قاراپ قويۇلغان فامىلىلەر خېلى كۆپ، مەسىلەن: بىر كىشى تاغلىق جايدا تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ فامىلىسى 山上 (تاغدا)، قارىغايلىقتا تۇرىدىغان بولسا 松下 (قارىغايلىقتا)، ئېتىز ئارىسىدا تۇرىدىغان بولسا 田中 (ئېتىزلىقتا)، سۇ بويىدا تۇرىدىغان بولسا 水上 (سۇ بويىدا)، قۇدۇق تۈۋىدە تۇرىدىغان بولسا 井上 (قۇدۇق تۈۋىدە) دەپ ئاتالغان.

ئەرەبلەرمۇ فامىلىگە ناهايىتى ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلاردا فامىلە ئۈچۈن تاللانغان ئىسىملارنىڭ بەزىسى شۇ شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچە، مەلۇم ئىش - هەرىكەتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەلۇم قۇش، هايۋان ۋە ئورۇن - جاي ئىسىملىرىدىن ئېلىنىشىمۇ ياكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى قوبۇل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: نەسىردىن هەسەن شەتتا دېگەن ئىسىمدە «شەتتا» (زېمىستان كەتكۈزدى) فامىلە بولۇپ، ئۇ شۇ كىشى ئارزۇ قىلغان مەلۇم هەرىكەتتىن، ئەهمەد ئەتىيىە سەقر دېگەن ئىسىمدا «سەقر» (قارچىغا) فامىلە بولۇپ، ئۇ قۇشلارنىڭ ئىسىمدىن، سەلاهۇددىن مۇهەممەد ئەل بەقەرى دېگەن ئىسىمدا «بەقەرى» (كالا) فامىلە بولۇپ، ئۇ هايۋانلار ئىسمىدىن، ئەلى سالىھ ئەل ئاسيۇتى دېگەن ئىسىمدا «ئاسيۇت» فامىلە بولۇپ، ئۇ ئورۇن - جاي ئىسمىدىن، يەتھى مۇهەممەد كامىل، مۇهەممەد مەهمۇد ئابدۇلۋەهاب دېگەن ئىسىملاردا «كامىل»، «ئابدۇلۋەهاب» لار فامىلە بولۇپ، ئۇلار كىشى ئىسمىدىن ئېلىنغان③.

ئەزەلدىنلا فامىلە قوللىنىپ كەلگەن خەنزۇ خەلقىدە فامىلە پەۋقۇلئاددە كۆپ، ئۇلاردىكى فامىلىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىمۇ هەرقانداق مىللەت فامىلىلىرىنىڭكىدىن رەڭدار.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئاجايىپ رەڭدار. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى، تىل، تارىخ، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەهەتلەرگە ئاساسلىنىپ ۋە ئىلغار مىللەت فامىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، فامىلىمىزنى تۆۋەندىكىدەك تۇرلەرگە كېڭەيتىشكە بولىدۇ:

## 1. كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىش

ئۇيغۇرلاردا هازىر ئۆزىنىڭ ئوق يىلتىزى هېسابلىنىدىغان بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى ياكى شۇ يۇرت - مەهەللىدە كۆپچىلىككە هەممىدىن تونۇشلۇق بولغان بىرەر ئۇرۇقدىشىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىش ئادىتى نىسبەتەن كۆپرەك. مەسىلەن: بۇرهان شەهىدى، ئەنۋەر جاكۇلىن، خۇدا بەردى قاسىموف، مۇختار مامۇت مۇهەممىدى دېگەنگە

ئوخشاش. بۇنداق بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىشقۇ ياخشى ئىش، بىراق ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئىسىم تەكرارلىنىدىغان ئەھۋال شۇنداقلا ئوخشاش ئىسىملار بەك كۆپ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز يەنىلا ھازىرقى ئىسىملارنى فامىلە ئورنىدا ئىشلەتسەك، كېيىنچە ئوخشاش فامىلىلىكلەر كۆپىيىپ كەتسە، بىز ئۇلارنىڭ فامىلىسىگە بىر لەقەمنى قوشۇپ پەرقلەندۈرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئىسىملىرىمىزدا ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار %80 تىن ئاشىدۇ. كىشىلەر ھازىر ئات قويغاندىمۇ ئەسلىگە قايتىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە چۈشىنىشلىك، ئىخچام ئىسىملارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بىز فامىلىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەكىتلەۋاتقىنىمىزدا، كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە قىلماقچى بولساق، يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرىنى تاللىغىنىمىز مۇۋاپىقراق. مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىر گېرمانىيىدىكى زىيارىتى داۋامىدا، مەشھۇر تۈركولوگ گابائىن خانىمنى يوقلاپ بارغاندا، گابائىن خانىم ئۇنىڭغا: «سىلەر ئەڭ ياخشىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى ئۆزۈڭلارغا ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ قوللىنىڭلار. بۇ ئىسىملارنى سىلەر قەدىمكى يادىكارلىقلاردىن ھەرقانداق چاغدا تاپالايسىلەر، ئۇ قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تاپالايسىلەر» ④ دېگەن تەكلىپنى بەرگەن. ئىلگىرى ئۆتكەن قاغان، دانىشمەن، باتۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدىن ئالپاغۇت، كۆلتېكىن، ئەلتەرىش، باغاشار، ئوغۇزخان، ئاتتىلا، بابۇر، ئىشبارا، چۇلۇق، ئىستەمى، بۆگۈخان، بايانچۇر، بىلگە، تۇمەن، پانتېكىن دېگەندەك ئىسىملار خېلى كۆپ.

## 2. ئۇرۇق - قەبىلە، مىللەت نامىلىرىنى فامىلە قىلىش

ئۇرۇق - قەبىلە نامىلىرىنى فامىلە شەكلىدە قوللىنىش ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نامى كۆپىنچە شۇ قەبىلىنى قۇرغان كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، شۇ ئۇرۇق، قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسمىنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۇرۇق، قەبىلىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، ئۆزىنى باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشنىڭ بەلگىسى قىلغان. مەسىلەن: ياغلاقار ئىنال، ئۇيغۇر تاپمىش، ئۇيغۇر تەمۇر دېگەندەك. بۇنداق ئۇرۇق - قەبىلە نامىلىرىنى فامىلە قىلىش ئادىتى ھازىر قۇمۇل ۋە باشقا قىسمەن رايونلاردا ساقلانماقتا. مەسىلەن: قارلۇق نىياز، قارلۇق سەئىدۇل دېگەندەك. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمدە چۇمۇل، چىگىل، قارلۇق، باسمىل، قاڭقىل، بايۇندۇر، سالغۇر، بايات قاتارلىق نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلىرى بولغان. بىز ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقىنى فامىلە قىلساق بولىدۇ.

## 3. قەدىمكى ئەمەل نامىلىرىنى فامىلە قىلىش

قەدىمكى ئەمەل نامىلىرىدىن ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەل نامىلىرى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسىملىشىپ كەتتى، مۇتلەق كۆپىنچىسى ھازىر قوللىنىلمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى فامىلە قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: سانغۇن، تىگىن ياكى تېكىن، تارخان، بۇيرۇق، تەركەن، ئىنال، دورغا، بويلا، كوراگان، تۇتۇن، ساغۇن دېگەندەك.

## 4. ھايۋان، ئۇچار - قاناتلارنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىش

ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان مەزگىللەردە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش بىلەن بىرگە ئارسلان، تۇڭا (قاپلان)، قۇچڭار (قوچقار)، بۇقا، بارس، توغرىل، چاغرى (لاچىن)، بۇغرا، بۇركۇت، بۆرە قاتارلىق باتۇر، ئەقىللىق، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە توتېم قىلغان ھەمدە پەرزەنتلىرىگە ئەشۇ ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى قويغان ياكى ئىسمىغا ئۇرۇق - قەبىلىسى توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتىغان. بەزىدە بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «تېگىن» (شاھزادا)، «بۆكە» (باتۇر)، «بەگ»، «بىكە» (خېنىم) قاتارلىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپمۇ قوللانغان.

خەلقىمىزدە ھازىر ئارسلان، يولۋاس، مايمۇن،

بورسۇق، بۇلبۇل دېگەندەك ئىسىملار، كەكلىك، قۇشقاچ، قوتاز، تايغان دېگەندەك لەقەملەر بار. دېمەك، بىز بۇلارنى فامىلىگە ئايلاندۇرساق ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك بولمايدۇ. بىز بۇنداق ھايۋان، ئۇچار - قۇشلار نامىنى فامىلە قىلغاندا، نوقۇل شۇ ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئىسمىنى قوللانساقمۇ، ئۇنىڭغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئېيتىش بىلەن بىرگە «باي»، «بەگ»، «خان»، «جان» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: قوتازخان، توغرىلبەگ، ئارسلانجان، قاپلانباي دېگەندەك.

**5. دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈك، زىرائەت نامىلىرىنى فامىلە قىلىش**

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى تۈرلۈك دەل - دەرەخ، زىرائەت، كۆكتاتلار بىلەن زىچ باغلانغان. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ نامىلىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قارىغاي، ئارچا، چىنار، توغراق، يۇلغۇن، قوناق، ئارپا، ئامۇت، شاپتۇل، ئۆرۈك، بادام، نوقۇت، چامغۇر، تۇرۇپ، سامساق قاتارلىقلار.

**6. يەر - جاي نامىلىرىنى فامىلە قىلىش**

ئىسلام دىنى دىيارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز ئىسمىغا يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ، يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلدى. مەسىلەن: مەھمۇت قەشقەرى، قېدىرخان ياركەندى، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىقلار. يۇرت نامىلىرىنى مۇشۇنداق تەخەللۇس ئاساسىدا فامىلە قىلىشقا بولىدۇ، بىراق كىشىلەردە يۇرتۋازلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، چوڭ - چوڭ يۇرت نامىلىرىنى فامىلە قىلمىغان تۈزۈك.

1) ھازىر قوللىنىلمايدىغان، پەقەت تارىخىي يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يەر نامىلىرىنى فامىلە قىلىش. مەسىلەن: ئورقۇن، ئۆتۈكەن، تۇران، كۇسەن، ئۇدۇن، چالىش، بارچۇق، بارخان دېگەندەك.

2) ھازىرقى تاغ - دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ، جىلغا، يول، كۆۋرۈك، يايلاق، چۆل - جەزىرە، كۆل نامىلىرىنى فامىلە قىلىش. مەسىلەن: تەڭرىتاغ، قۇرۇمتاغ، مۇزئارت، خانتەڭرى، تارىم، ئېرتىش، باغراش قاتارلىقلار.

3) كىچىك كەنت، مەھەللە نامىلىرىنى فامىلە قىلىش. كىچىك يەر نامىلىرى كۆپىنچە خاسلىققا ئىگە بولمايدۇ، بەزىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرنەچچە يەردە، ھەتتا 40 — 50 يەردە ئۇچرايدۇ، بۇنداق كىچىك يەر نامىلىرىنى فامىلىگە تاللىغاندا ئۇنىڭ ئىنچام، پاساھەتلىك بولۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن: ئاچال، خاداڭ، ئارال، توقاي، دولان، ئاقتاش، يانداق، قۇمتۇر قاتارلىقلار.

**7. قەدىمكى ھەربىي ئەسلىھەلەر، قورال - ياراغلار، كونا - يېڭى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنىڭ نامىنى فامىلە قىلىش**

مەسىلەن: قورغان، قورۇل، قەلئە، سېپىل، ئوقيا، قالقان، سۇنگۇ (نەيزە)، قىلىچ، بۇگدە (خەنجەر)، قىڭراق، پالتا، سومبە، پولات، تۆمۈر، ئالماس ...

**8. ھۈنەر - كەسىپ ئەھلىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى فامىلە قىلىش**

ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - كەسىپ كۆپىنچە ئاتا مىراس بولىدۇ، نەچچە ئەۋلاد بىر كەسىپنى قىلىدىغانلارمۇ تولا. بۇنداقلارغا شۇ ھۈنەر - كەسىپنىڭ نامى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد لەقەم بولۇپ فامىلە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى باغچى، بابكار، پىلچى، كۆنچى، بوياقچى، تېرىقچى دېگەندەك لەقەم بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلار فامىلە قوللانماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئەشۇنداق لەقەملىرىنى ئويلىشىشى كېرەك.

چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ نامى شۇ چالغۇنىڭ ئەھلىنى بىلدۈرىدىغان ھالەتتە ئەمەس، شۇ چالغۇنىڭ خاس ئىسمىلا لەقەم بولۇپ قالىدۇ، بۇ جانلىق تىلدا شۇ چالغۇنى چالغۇچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، بۇلارمۇ ئوخشاشلا فامىلىلىك رول ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن: روزى تەمبۇر، داۋۇت راۋاپ، توختى سوناي، ھەسەن غىجەك دېگەندەك.

(داۋامى 41 - بەتتە)

# سەددىچىن، بوغدا، تۇيئاتار، فۇكاڭ دېگەن يەر نامىلىرى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

يەر نامىلىرى قەدىمدىن تارتىپ خەلق ياكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ھەرخىل شارائىت نەزەردە تۇتۇلۇپ قويۇلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، قەدىمكىناملار تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ ساقلىنىپ قالىدۇ ياكى باشقا ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىرەر ئىنشائات ياكى شەھەرنى بىنا قىلغان خەلق ئۆز تىلىدا باشقىچە ئاتىسا، ئۆزگە خەلقلەر باشقىچە ئاتايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، لېكىن «نام ئۆز ئىگىسىگە باقىدۇ» دېگەن قائىدە بەزىدە نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە مىسال كەلتۈرۈلگەن بىرقانچە يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالايلى.

## چاڭچېڭ — سەددىچىن

جۇڭگو تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئالاھىدە مەشھۇر بولغان بىر زور ئىنشائات بار، ئۇ خەنزۇچە «چاڭچېڭ» (ئۇزۇن سېپىل) دەپ ئاتالغان. ئەرەب - ئەجەم ئەللىرى ۋە ئۇلاردىن ئىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بۇ سېپىلنى «سەددىچىن» («چىن تېمى» ياكى «چىن سېپىلى») دەپ ئاتاشتى. جۇڭگونىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ئىنشائاتقا خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشىغان قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۈركىي تىلدا «بورقۇرقى» دەپ نام بەرگەنىدى. كىدانلار بولسا، ئۇنى «ئۆنگۈ» دەپ ئاتىغانىدى. كىدانلاردىن مائاش ئېلىپ مەزكۇر سېپىلنى ساقلىغان تۈركىي جامائەت «ئۆنگۈت» دەپ ئاتالغان. موڭغۇل تىلىدىكى «ت» قوشۇمچىسى تۈركىي تىلدىكى «چى» ياكى «ي» قوشۇمچىسىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز ئۆنگۈچىلەر، ئۆنگۈنى ساقلىغۇچىلار دېگەنلىك بولىدۇ. موڭغۇل دەۋرىدە بۇ ئۆنگۈچىلەر 4000 ئۆيلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېگى ئالاقۇش تېگىن قۇرى دېگەن كىشى ئىكەن.

## بوغدا چوققىسى ۋە «ساماۋى كۆل»

بۇلار كېيىنرەك پەيدا بولغان ناملاردۇر. «بوغدا» موڭغۇلچە «ئۇلۇغ»، «يۈكسەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز. بۇ چوققىنىڭ تۈركىي تىلدا ئەسلى ئىسمى بار ئىدى. تەڭرىتاغ خەنزۇچە مەنىسى بويىچە «تيەنشەن» دەپ، ئۇ تاغنىڭ ئېگىز چوققىسى — خانتەڭرى بولسا، ئاھاڭى بويىچە «خەن تېڭ گې لى» دەپ ئېلىنغان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى يەنى ئالتۇن ئارت قىسمىدىكى يەنە بىر چوققىسى تۈركىي تىلدا ئوغراچ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق بولسا كېرەك: مىلادىيىدىن 2 — 3 ئەسىر ئىلگىرى ئوغۇرداش (ھازىرقى لوپنۇر كۆلى) بويىدا ياشايدىغان ئوغۇرلار ھۇنلارنىڭ قىسمى تۇپەيلى ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ، شەرقىي شىمالغا — قوش ئېلىگە كۆچكەندە ھازىرقى ئۈرۈمچى - فۇكاڭ يۆنىلىشى بويىچە تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوققا باغرىدىن يول ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇرلار ئاچقان بۇ تاغ يولى «ئوغۇرئاچ» دەپ ئاتالغان. كېيىن مەزكۇر يول نامى تەڭرىتاغنىڭ 2 - چوققىسىغا نام بولۇپ قالغان ۋە «ئوغراچ» دەپ ئىخچاملانغان. X Ⅳ ئەسىردىن كېيىن، جۇڭغارلار بۇ چوققىنىڭ نامىنى «بوغدا» دەپ ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئوغراچ چوققىسىنىڭ تۆۋىدىكى كۆل تەڭرىتاغ بىلەن ئاتداش قىلىنىپ «تەڭرى كۆل» دەپ



ئاتالغان. ئۇ خەنزۇچە مەنىسى بويىچە «تيەنچى » دەپ ئېلىنغان. يېقىنقى چاغلاردا بۇ كۆلنىڭمۇ ئەسلى نامى قوللىنىلماي، «ساماۋى كۆل» دېگەن سۈنئىي نام قوللىنىلماقتا.

دېمەك، «بوغدا» دېيىلىۋاتقان چوققىنىڭ ئەسلى نامى «ئوغراج»؛ ئۇنىڭ بېقىنىدىكى كۆل «تەڭرى كۆل» — بۇناملار تارىخىي ناملار ئىدى.

## توپئاتار — تۆپىرئارت

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە، ھازىر «تۇزكۆل» دەپ ئاتالغان ئايدىڭ كۆلنىڭ شىمالىي ئۇدۇلىدا، تەڭرىتاغنىڭ ئوغراج چوققىسىغا ياندىشىپ كېلىدىغان كىچىكرەك بىر چوققا بار. بۇ چوققا خەلق ئىچىدە «توپئاتار» («توپئاتار غوجام») تېغى دېيىلىدۇ. ئەسلىدە «تۇزكۆل» بىلەن داۋانچىنىڭ ئارىلىقىدا «شامال ئۆتەڭ» دەيدىغان بىر مەنزىل بار. بۇ مەنزىل دەل ئاشۇ چوققىنىڭ جەنۇبىغىراق توغرا كېلىدۇ. بۇ چوققا ئەسلىدە «تۆپىرئارت» (شاماللىق داۋان ياكى چوققا) دەپ ئاتىلاتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ نام ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، تەلەپپۇزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «توپئاتار» بولۇپ قالغان.

## فۇكاڭ — جامغار

بۇ، بۈيۈك ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى 5 شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە «جامغار بالىق» دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ شەھەر خەنزۇچە «جىنمەنچېڭ» (金满城) دېيىلگەن. موڭغۇللار زامانىدا «تېڭگىر» دېيىلگەن. كۆل مانجۇ تىلىدا «تېڭگىن»، موڭغۇل تىلىدا «تېڭگىر — تېڭگىز» دېيىلىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا چوڭ كۆل «تېڭىز» دېيىلەتتى. ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى بەزى قەۋملەردە «ن» تاۋۇشى «ز» ياكى «ر» تاۋۇشى بىلەن ئالماشقان. مەيلى موڭغۇل تىلىدىكى «تېڭگىر» بولسۇن ياكى مانجۇ تىلىدىكى «تېڭگىن» بولسۇن، يەنىلا شۇ تەڭرى كۆل نامىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەردۇر. تەڭرى كۆل — جامغار ياكى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

(بېشى 39 - بەتتە)

## 9. تىلىمىزدىكى ئىسىم، سۈپەت سۆزلىرىنى قامىلە قىلىش

ئۇيغۇر تىلى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان چۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ سۆزلەرگە باي. چاقماق، يانغىن، تاشقىن، چايقاق، سەلكىن، ئەلكۈن، ئۇچقۇن، قاينام قاتارلىق ئىسىملارنى، تاتلىق، ئۆتكۈر، ئۇچقۇر، سەزگۈر، تەمكىن، چاققان، سۈزۈك، چېچەن، تۇرگۇن، ئالىپ، يارقىن قاتارلىق سۈپەت سۆزلىرىنى قامىلە قىلساق، قامىلىمىز تېخىمۇ جەڭگىۋار تۈس ئالىدۇ.

## 10. تەقلىدىي سۆزلەرنى قامىلە قىلىش

تەقلىدىي سۆزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن گۇلدۇر، گۈپپاڭ، جالدۇر، كالدىر، شالدىراڭ، دودوت، گۇرگۇر دېگەنگە ئوخشاشلارنى قامىلە قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر: «ئۇيغۇرلاردا قامىلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1997 - يىللىق 4 - سان.

② نۇرمۇھەممەد دۆلەتى: «ئۇيغۇرلاردىكى ھەرخىل لەقەملەر ھەققىدە» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى 1993 - يىللىق 1 - سان.

③④ مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى: «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» 41 -، 44 - بەتلەر.

# ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى

## شاكەرىم ئەكرەمى

ما جۇڭيىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بىر لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنى چاڭگىلىغا ئالماقچى بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونى فېڭ يۈشياڭنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغاچقا، ما جۇڭيىڭنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى فېڭ يۈشياڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ چاغدا فېڭ يۈشياڭ جياڭ جيېشىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ يۈرگەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مابۇفاڭمۇ جياڭ جيېشى بىلەن فېڭ يۈشياڭنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ جۈڭ بىلەن تىركىشىپ يۈرەتتى.

ما بۇفاڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ دادا جەمەت بىر تۇغقانلار ئىدى. مابۇفاڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خەنزۇلارنى چىڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ قىرىپ تاشلىغان ھەمدە مۇشۇ تۆھپىسى بەدىلىگە چىڭخەينى گەنسۇدىن بۆلۈۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ، ئۆزى بۇ ئۆلكىگە باشلىق بولۇۋالغانىدى. ما بۇفاڭ ئەۋلادلىرىغا يېزىپ قالدۇرغان ھايات خاتىرىسىدە «مەن دەريا بولۇپ ئاققان ئادەم قېنىدىن باشلىقلىق مەنسىپىمنى سۇزۇۋالدىم» دېگەن.

ما جۇڭيىڭ ئاكىسىنىڭ مۇشۇ تەجرىبىسى بويىچە گەنسۇ خەلقىنىڭ دەريا بولۇپ ئاققان قېنىدىن باشلىقلىق مەنسىپىنى سۈزۈۋالماقچى بولغان. ئۇ خەلقتىن ئەسكەر ئېلىش، ئالۋان - سېلىق يىغىش، ئات ئېلىش جەريانىدا قارشى چىققانلارنى بىر يېزا، بىر مەھەللە بويىچە بىراقلا قىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ياۋۇزلۇقى ھەققىدە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىدە چىقىدىغان گېزىتلەردە، بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن قوزغىلىپ چىققان «گا سىلىڭ» (بالا قوماندان) ما جۇڭيىڭنىڭ فېڭ يۈشياڭ، ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىق، ئايىغىغا كىرگەن تىكەن بولغانلىقى، شۇڭا فېڭ يۈشياڭ بىلەن ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، غال - غال تىترەپ، يەۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ قاچىدىغانلىقى، مابۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پەي، لىيەن بويىچە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئالاھىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى.

بۇ خەۋەر مەملىكەت ئىچىدە جياڭ جيېشىنىڭ قۇلىقىغا، مەملىكەت سىرتىدا ياپونىيە بىلەن تۈركىيىگە يەتكەنىدى. جياڭ جيېشى غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىدە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان باشلىقلارنى بىر - بىرىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا توقۇنۇشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق فېڭ يۈشياڭنىڭ 5 ئۆلكىدىكى كۈچىنى ئاجىزلاتماقچى بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى جياڭ جيېشىغا مايدەك ياققان. ئۇ ما جۇڭيىڭنى بىر شى ئەسكەرگە ئىگە قىلىپ، فېڭ يۈشياڭغا قارشى سېلىش مەقسىتىدە ئۇنى نەنجىڭگە چاقىرتىپ، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھەربىي مەكتىپىدە 6 ئاي ئوقۇتقان ۋە «مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزدى» دېگەن نام بىلەن گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا بېرىپ، 36 - شىنى قۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن ھەمدە ئۇنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ



باشلىقى ليۇ جۇڭغا تاپشۇرغان. «گا سىلىڭ» جياڭ جيېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي، جاڭيې ۋىلايەتلىرىدە يەرلىك خەلقتىن ئەسكەر ئېلىش، ئات يىغىش ئاساسىدا 36 - شىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن، ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ قىيىنغا توختىغانىدى. شۇ ئەتراپتىكى تاغلارغا ماكانلاشقان زاڭزۇ ۋە موڭغۇللاردا ئات بولغان بىلەن ئۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتقان ما بۇفاڭنىڭ بىر لۇ ئەسكىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئات ئېلىشىغا قارشى چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ما جۇڭيىڭ ئىلاجسىز قالغانىدى.

ياپونىيىنىڭ شۇ چاغدا جۇڭگوغا قاراتقان سىياستى مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە، شىنجاڭ، شىزاڭلاردا مانجۇرىيە خانلىقى، موڭغۇلىيە خانلىقى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، لامالار دۆلىتىنى قۇرۇپ، بېيجىڭدا جياڭ جيېشى ۋە ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرۇپ، مۇشۇ 5 دۆلەت بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىنى يادرو قىلغان شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ياپونىيە مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك پىلان بويىچە 1931 - يىلى شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى بېسىۋالغاندا، 1911 - يىلى ئاغدۇرۇلغان جۇڭگونىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئېشىنكورو فۇيىنى قايتا پادىشاھ قىلىپ، مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرغانىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ شۇ چاغدا قوللانغان سىياستى: جۇڭگوغا خەۋپ ياپونىيىدىن ئەمەس، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن «ئىچكى دۈشمەن» كومپارتىيىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاندىن كېيىن تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىچكى دۈشمەن تازىلانماي تۇرۇپ، تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق 1936 - يىل 12 - ئايدا يۈز بەرگەن شىئەن ۋەقەسى جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارقا تىرەك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شەرقتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش پىلانىنى بۇزۇۋەتكەن. شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بولغان. ياپونىيە جياڭ جيېشىدىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، جياڭ جيېشىنى نەنجىڭدىن چۇڭچىڭغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ما جۇڭيىڭنىڭ غەربىي شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىك خەۋىرى ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا ئۈمىد نۇرى بەخش ئەتكەنىدى. ياپونىيە خۇاڭ نىڭۋېننى، تۈركىيە كامالنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، ياپونىيە بىلەن تۈركىيە ما جۇڭيىڭنىڭ 36 - شىنىنى قوللاپ، قورال - ياراغ ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. سۆھبەتتە ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمدە «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» گە ياپونىيىلىكلەر، تۈركىيىلىكلەر ۋە گېنېرال ما جۇڭيىڭنىڭ رەھبەرلىك قىلمايدىغانلىقى، شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خەلق رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، ما جۇڭيىڭغا يۇقىرى ھەربىي مەنسەپ بېرىلىدىغانلىقى، ياپونىيىلىكلەر بىلەن تۈركىيىلىكلەر مەسلىھەتچىلا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى.

قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ما جۇڭيىڭ 2 دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بېشى كۆككە يېتىپ، پۈتكۈل غەربىي شىمالغا ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش خام خىيالىدا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلغانىدى. كېلىشىم بويىچە ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىنىدىغان، ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىيمەتلەر بارلىق ئەسكەرلەرگە تەڭ تەقسىم قىلىنىدىغان بولغانىدى.

قۇمۇلدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۇ ئەسكىرى تۇرغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا بارماي، ئاۋۋال

باركۆلگە بېرىپ، قازاقلاردىن ئات، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، 36 - شىنىڭ كەم - كۈتىسىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن قۇمۇلنى ئالماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشقا قۇمۇلدىن يولۋاسنى ئەۋەتكەنىدى.

1933 - يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ، خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەر 300 چە ئادەم بىلەن مازۇڭ تېغى ئارقىلىق باركۆلگە كەلگەن. قۇمۇل، باركۆل، تۇرپان باشلىقلىرىدىن خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت، نۇرغالى ئۇكىردايلار ئۇلارنى سېمىز تاي، قويلىرىنى سويۇپ قارشى ئالغانىدى.

كامال، خۇاڭ نىڭۋېن ئەپەندىلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شەرىپقان باشلىق ئالتاي، تارباغاتاي قازاقلىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتكەن. مۇراجىئەتنامىدە ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللاۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ 36 - شىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، 36 - شى شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشقا چاقىرىلغانىدى.

كامال ئەپەندى بىلەن خۇاڭ نىڭۋېن ئەپەندىنىڭ تەشۋىقات - تەرغىباتلىرىنى ئاڭلىغان باركۆل قازاقلىرى ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 200 ئات، 500 دەك قوي يىغىپ، ئايەمبەت رەھبەرلىكىدە باركۆل قازاقلىرىنىڭ بىر ئاتلىق تۈەنىنى قۇرغان. ما جۇڭيىڭ تۈەنى، خوجا نىياز ھاجى تۈەنى، ئايەمبەت تۈەنى بىرلىكتە باركۆل ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان، باركۆل ئەسكەرلىرى مۇنچە كۆپ ئەسكەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، ئۇرۇش قىلماي قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان.

باركۆل ئەسكەرلىرىدىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر كېلىشىم بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقى، ئۇلارنى ما جۇڭيىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بەرگەنلىكى ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلىرىنىڭ تۈنجى نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ما جۇڭيىڭ باركۆل قازاقلىرىنىڭ ئالىپ جىسا دېگەن باشلىقىنى خەلقتىن سوۋغا - سالام يىغىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەييارلىقسىز تۇرغان يېرىدىن تۇتقۇزۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا «200 ئات، 500 قوي تاپشۇرساڭ، سېنى قويۇپ بېرىمىز» دەپ شەرت قويغان. ئالىپنىڭ ئادەملىرى بۇ شەرتنى ئورۇنداپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن؛ ما جۇڭيىڭ شىمالىي تاغ ۋە قاپتىق، بەيتىك تاغلىرىدىكى قازاق باشلىقلىرىنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلار 300 چە ئائىلە بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ ئالاتاۋ دېگەن يېرىگە پاناھلىنىپ كەتكەن؛ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى مال بېقىپ، ئوتۇن يىغىپ يۈرگەن ياش قازاق ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەن؛ تۇڭگان ئەسكەرلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرى يېڭى قۇرۇلغان قازاق تۈەنىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىگە كەلسە - كەلمەس بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بويسۇنمىغانلارنى ئۇرغان ۋە ئېتىنى تارتىۋالغان.

خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەر ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى بۇ زىددىيەتنىڭ ئۇلغىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ما جۇڭيىڭ قوشۇندىكىلەردىن بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئۆزلىرىنى ئۇلارغا يامان كۆرسىتىپ قويىدىغان ناچار قىلىقلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرىنى ئاقلاپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سوۋۇشقا باشلىغان.

باركۆل ئېلىنغاندىن كېيىن، ياخشى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىنغان. خوجا نىياز ھاجى ئالدىدا مېڭىپ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىغان، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمچى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر شەھەر خەلقى بىلەن ئوبدان تونۇش بولغاچقا، شەھەرنى ئانچە كۆپ

كۆچمەيلا ئىشغال قىلغان. قۇمۇل گازارمىسىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان 500 چە مىلتىق ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنغان.

ما جۇڭيىڭ بارىكۆل، قۇمۇلدا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋېلىپ، ئەسكەر سانىنى 700 گە يەتكۈزگەن ۋە ھەربىي شتاتىنى 2 تۇەن قىلىپ قۇرغانىدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ تۇەنلىرىنىڭ ھەربىرىدە 500 دىن ئەسكەر بار ئىدى.

ئۇلار ئاندىن كېيىن قوشۇنلارنىڭ كەم - كۈتىسىنى تولۇقلاپ، شەرقىي ئۇرۇش مەيدانىدىكى بازا ھېسابلانغان مورى، گۇچۇڭلارغا يۈرۈش قىلماقچى، يۈرۈش نەتىجىلىك چىقسا، لو چىتەي بازىرىدا يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچىنى قانداق ئىشغال قىلىش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكچى ۋە شېڭ شىسەينى تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغانىدى.

مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك پىلان بويىچە ما جۇڭيىڭ 2 تۇەن، خوجا نىياز ھاجى بىر تۇەن، ئايەمبەت بىر تۇەن بولۇپ جەمئىي 4 تۇەن ئەسكەر بىلەن مورىغا يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان مورىدىكى بىرىنىڭ ئەسكەر گۇچۇڭغا قېچىپ كەتكەن. ئۇلار مورىنى ئۇرۇش قىلماي ئازاد قىلىپ، گۇچۇڭغا كەلگەن. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا كىرىش ئالدىدا گۇچۇڭ بازىرىدا تۇرغان قوماندان ليۇغا خەت يېزىپ، ئۇنى قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان ۋە ناۋادا ئۇلار ئۇرۇش قىلماي، قورال تاپشۇرسا، ئادەملىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، بۇرۇنقى تۇەنجاڭ، يىڭجاڭ، ليەنجاڭلارغا ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. قوماندان ليۇ جاۋاپ خېتىدە قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا قوشۇلغانلىقىنى، ئەمما تەييارلىق كۆرۈشكە 48 سائەت مۆھلەت بېرىش، قورال - ياراغلارنى تۇڭگان قوشۇنلىرىغىلا تاپشۇرۇش، تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا كېتىشنى تەلەپ قىلغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە رۇخسەت بېرىشتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك تەلەپنى قويغان. ما جۇڭيىڭ خوجا نىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندان ليۇنىڭ 48 سائەت مۆھلەت تەلەپ قىلغانلىقىغا قارىغاندا، مۇشۇ 48 سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن ئۇلارغا ياردەمچى قوشۇن كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئېيتىپ، ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلەردىن جىمسار، سەنتەي، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان قوشۇنلارنىڭ ئالدىنى توسۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۆزىنىڭ گۇچۇڭ يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قوماندان ليۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال تاپشۇرۇشنى تېزلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇ يەنە ئۈرۈمچى، سانجى، مىچۇەندە تۇرۇشلۇق تۇڭگان باشلىقلىرىغا خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلار بىلەن يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مۇشۇ كېلىشىم بويىچە خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ قوشۇنلىرى جىمسار، سەنتەي تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭ يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىپ، داقا - دۇمباق چېلىپ، يامۇل يېنىغا بارغاندا، يامۇل ئۈستىدە ئاق بايراق كۆتۈرۈلگەن. ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن تۇەنجاڭلار ۋە يەرلىك تۇڭگان ۋەكىللىرى قوماندان ليۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر - ئىككى سائەت سۆزلەشكەندىن كېيىن، قوماندان ليۇنىڭ ئەسكەرلىرى قورال تاپشۇرغان. تەلەپ بويىچە قوماندان ليۇ ۋە ئۇنىڭ بىر، ئىككى تۇەنجاڭىغا ئۆزلىرىنى قوغداشقىلا مىلتىق قالدۇرۇلغانىدى. قورال تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، 1000 چە قورال - ياراغقا كۆزى تويغان ما جۇڭيىڭ يامۇلغا كىرمەي، بارلىق ئەسكەرلەرنى لوچىتەيگە قايتۇرغان ۋە ئۇ يەردە ئۈرۈمچى، سانجىدىن كەلگەن تۇڭگان ئاقساقاللىرى، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە ئاددىي مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، گۇچۇڭدىكى غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەنىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشىنىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ستالىنغا يازغان دوكلاتىدا شېڭ شىسەينى ياپونىيىدىكى ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرغان كوممۇنىزمچى زىيالىي ئىكەن، دەپ تونۇشتۇرغان.

ستالىن بۇ تونۇشتۇرۇشقا ئاساسەن، شېڭ شىسەيىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياپونىيە ئىشپىيونى ما جۇڭيىڭنى يوقىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مالىك ئەپەندىنى خوجا نىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەيىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن.

گۇچۇڭدىكى قوماندان لىيۇ 48 سائەت ئىچىدە ما جۇڭيىڭغا قورال - ياراغ تاپشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە مالىك ئەپەندىگە جىددىي خەت يېزىپ 48 سائەت ئىچىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ما جۇڭيىڭغا قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مالىك ئەپەندى قوماندان لىيۇغا يازغان جاۋاپ خېتىدە، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 2 تۈمەن ئەسكەر كېلىدىغانلىقى، ناۋادا ئۇلار ئۈلگۈرەلمىسە، قورال - ياراغلارنى ياپونىيە ئىشپىيونى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرماي، ئۆز ئادىمى خوجا نىياز ھاجىغا تاپشۇرۇشنى ئېيتقان. ئەمما بۇ چاغدا قوماندان لىيۇ قورال - ياراغلىرىنى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى.

مالىك ئەپەندى بىلەن شېڭ شىسەيىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىغا يازغان خەتلىرىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھوسەيىن باي ئېلىپ كەلگەنىدى. شېڭ شىسەيىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىغا يازغان خېتىدە، ما جۇڭيىڭ شەرقىي شىنجاڭغا، خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولسا، دېگەن تەكلىپ بېرىلگەنىدى.

بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھوسەيىن باي لوچىتەيدىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەرىكىگە قاتناشقاندا بۇ يەرگە يىغىلغان تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ما جۇڭيىڭغا، ناۋادا ئۇ شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرماقچى بولسا، ياپونىيىلىكلەر ۋە تۈركىيىلىكلەردىن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتۇرۇۋېتىش كېرەكلىكى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتىش لازىملىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزگە قارشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلسا، ئۇنىڭدىن تۇڭگانلارغا ھېچقانداق پايدا كەلمەيدىغانلىقى، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىلا، تۇڭگانلار تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شىنجاڭدىكى تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى ما جۇڭيىڭدا 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتىشنى لايىق تاپقان؛ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلمايدىغان بولغاچقا، خۇاڭ نىڭۋېن ۋە كامال ئەپەندىلەرنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان؛ 36 - شىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە 5000 دانە مىلتىق كېرەكلىكىنى، باشتىكى كېلىشىمدە ئېلىنغان غەنىيمەتلەر تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، مۇشۇ سان توشقىچە، ئېلىنغان غەنىيمەتنى ھېچكىمگە بەرمەي ئۆزى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىغىن باشقا كەلگەننى كۆرىدىغان بولۇپ كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقانىدى.

خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قوشۇنلىرى مالىكنىڭ تەكلىپى بويىچە بوغدىنىڭ تېرەكلىك داۋىنى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشكەن. خۇاڭ نىڭۋېن ۋە كامال ئەپەندىلەر خوجا نىياز ھاجىغا ئەگىشىپ تۇرپانغا بارغان، مەھمۇت شىجاڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە راتسىيە بولغاچقا، بۇ ياقتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان.

خوجانىياز ھاجى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كەلگەندە، مالىك ئەپەندى ئۇلارنى يېڭىدىن تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ

كەلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغان. مالىك ئەپەندى ھاكىم بۇرھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى، خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت تۆەنجاڭلارنى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان. سۆھبەت داۋامىدا، ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرماقچى بولغانلىقى، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېچقاچان يول قويمايدىغانلىقى، مالىك ئەپەندىنىڭ ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى لوچىتەيگە بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا ئۇنىڭ قولىدىكى ياپونىيە بىلەن تۈركىيە ئەۋەتكەن خۇاڭ نىڭۋېن بىلەن كامالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ھازىر قوشۇندا بۇ ئادەملەر يوق دەپ يالغان ئېيتىپ، تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ 2 خەلقئارا ئىشپىيوننى تۇتۇش مەقسىتىدە 2 تۆەن قىزىل ئارمىيىنى ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك، خوجا نىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭغا قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى تۇپىلاڭنى باستۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ دەرھال قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى تۇپىلاڭنى تىنچىتىشقا ۋەدە بەرگەن ۋە ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي سەپەرگە ئاتلانغان. مالىك ئەپەندى ئۈرۈمچىگە قايتقان، ئايەمبەت خوجانىياز ھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ بارىكۆلگە كەتكەن، بۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۋاسمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتقان.

ما جۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجى، ئايەمبەتلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدا غەنىيمەت ئالغان 1000 چە مىلتىق بىلەن گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، سانجىلاردىكى تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇ چاغدا مالىك ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرغان 2 ئاتلىق تۆەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا چېكىندۈرگەنىدى. ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغان سوۋېت قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى يەردىن زەمبىرەك بىلەن ئېتىپ، ئاسماندىن بومبا تاشلىغان. لىۋ بىن باشچىلىقىدىكى شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلىغان. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن قىرىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھېچقانداق ھەربىي ئىستراتېگىيە، ئۇرۇش تاكتىكىسىدىن خەۋىرى بولمىغان قارا تۇرۇك ما جۇڭيىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنى قوللىغان ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ قوللىشىدىن، ئۆزىگە كۈچلۈك مەدەت بەرگەن ئۇيغۇر، قازاق سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. قەشقەرگە بارغان خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ ما جۇڭيىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلغان ياۋۇزلۇقلىرى ۋە شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خەلققە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۆزى بارغانلىكى جايدا خەلققە تەشۋىق قىلىپ ماڭغاچقا، ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان خەلق ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۇلارغا بىر تالمۇ دان قالدۇرمىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ما جۇڭيىڭ ئىگىسىز قالغان يېزا - كەنتلەرگە ئوت قويۇۋەتكەن.

كۆپتىن ئايرىلىپ گۇمران بولۇشقا كۆزى يەتكەن ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ 120 ئادىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش تەلىپىنى قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئۇنىڭ 20 ئادەم بىلەن بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ 1000 چە ئادىمىدىن قالغان 400 چە ئادىمىنى جىيەنى ماخۇسەنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى 20 ئادىمى بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئېركەشتام دېگەن يېرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلار باشتا موسكۋا يېنىدىكى بىر ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ گازارمىنىڭ ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا كۆزەتچى ئەسكەر تۇراتتى. شۇڭا بۇ گازارمىدىكى ئادەملەر كوچىلارغا ئىختىيارىچە چىقالمىغان، ئەركىن يۈرەلمىگەن. ما جۇڭيىڭ ئۇ يەرگە خۇددى جىياڭ جيېشى ئۆزىنى قوبۇل قىلغانغا

ئوخشاش، ستالىنمۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ستالىنغا كۆڭلىدىكى ھەممە مەقسىتىنى يۈز تۇرانە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، دېگەن تامادا بارغان. ئەمما ك گ ب نىڭ نازارىتى ئاستىدىكى ئېگىز تاملىق گازارمىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ خام خىيالى يوققا چىققان. ئۇ قايتا ـ قايتا ئەرز يېزىپ، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مالىك ئەپەندى ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ھىمالايانىڭ كۈچلۈك يولۋىسىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ياۋا ئاتنى كۆندۈرۈش پوزىتسىيىسىدە بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقماقچى بولغانلىقىنى يۈزىگە سالغان. ئۇ بۇ سۆزلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ، ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرۇپ قويغانلىقى، قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا، سابىت داموللا، خوجانىياز ھاجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىن بىر تۈمەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، خۇاڭ ىشۆىن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلغاندى. مالىك ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقى، ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاجىتى چۈشۈۋاتقانلىقى، ئۇلار ئەۋەتكەن ۋەكىل يېقىندا بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقى، شۇ ۋەكىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشى كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىسا، مەملىكىتىگە قايتالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

ما جۇڭيىڭ رۇسچە بىلمىگەچكە، بىر خەنزۇ مۇئەللىم كېلىپ، 20 كىشىلىك كۇرس ئېچىپ، ئۇلارغا خەنزۇچە دەرس ئۆتكەن. دەرسنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن ۋاڭ فامىلىلىك مۇئەللىم ئۆتكەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ما جۇڭيىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە فېڭ يۈشياڭ بىلەن مابۇفاڭغا قارشى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن ئالاھىدە قەھرىمانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۇرس ئاياغلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلسا، يەنئەنگە ئېلىپ كېتىپ، 8 ـ ئارمىيە سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتمەكچى بولغان ۋە شۇ مەقسەتتە كرېملغا خەت يازغان، كرېمل بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتقان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەينى ـ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، سۆھبەتتە ئۇ خوتەندىكى قوشۇنلىرىنى يەنئەنگە يۆتكىسە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ 36 ـ شىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ما جۇڭيىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كاتىپى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 2 ۋەكىلى قاتارلىق 5 ئادەمنى ئۈچتۇرپان ئارقىلىق خوتەنگە ئەۋەتكەن. ئۇلار خوتەنگە كېلىپ، ماخۇسەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ما جۇڭيىڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرغان. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ كۆرستا ئوقۇغاندىن بېرى، بۇرۇنقى قارغۇلارچە قىلغان قىلىقلىرىمنىڭ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. 3 يىللىق

ئوقۇش نەتىجىسىدە تېزدىن قايتىپ بېرىپ، شۇ جىنايەتلىرىمنى يۇيۇپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشنى چىن قەلبىمدىن ئارمان قىلىپ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي شىمالنىڭ بىپايان دالاسىدا ئەركىن يايراپ يۈرگەن كۈنلىرىمنى قاتتىق سېغىندىم.

شۇڭلاشقا بۇ ئىككىمىز تام بىلەن قورشالغان گازارمىدا سارغىيىپ ياتقاندىن كۆرە ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىگە قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىمنى يۇيۇپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشنى لايىق كۆردۈم.

قەدىرلىك جان كۆيەر جىيەنىم خۇسەن، مېنى سېغىنغان بولساڭ، مېنىڭ ۋەتىنىمگە قايتىپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقى ئالدىدا ئۆزەمنى ئاقلىشىمنى خالىساڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ھۆرمەت قىلىپ، قوشۇنىڭنى باشلاپ دەرھال ئالدىنقى سەپكە بار! مەن سېنىڭ بىلەن ئالدىنقى سەپتە كۆرۈشىدىغان بولاي، سىلەر ئالدىنقى سەپكە بارساڭلار، ‹ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، قايتىپ ئۆز توپىنى تاپسا، دەپ مەنمۇ بارسام، ھەممىمىز تىرىك بولساق بىر دۆڭدە، ئۆلسەك بىر ئازگالدا بولارمىز. مەن بۈرۈنقىدەك 36 - شىنىڭ شىجاڭى بولمەن، ئەگەر سەن قوشۇنىڭنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكىمىسەڭ، مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ بېرىشىمدىن زادى ئۈمىد يوقلۇقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قوياي.

خۇسەن، مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىش - قايتماسلىقىم سېنىڭ قوشۇنىڭنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىش - بارماسلىقىڭغا باغلىق. گېپىمگە كىرىپ ئالدىنقى سەپكە بار! مېنى قۇتقۇزۇپ قالغىن!»

ما خۇسەن تاغىسى ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، بىراق كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ، ئەمەلىيەتتە، 3 يىلدىن بېرى خوتەندە خەلقتىن بۇلىۋالغان 40 قېچىرغا يۈك بولغۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرى بىلەن ئالدىنقى سەپكە بارماي، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولغان. ئۇ مۇشۇ پىلانى بويىچە قولىدىكى 400 چە ئەسكەرنىڭ 350 نى تارقىتىۋېتىپ، قالغان 50 چە ئادەمنى ئۆزى بىلەن 40 قېچىرنى قوغداپ مېڭىشقا ئېلىپ قېلىپ، بىر كېچىدىلا غىپپىدە تىكىۋەتكەن، قولىدىكى قورال - ياراغلىرىنى يەرلىك تۇڭگان، خەنزۇلارغا سېتىپ بەرگەن.

40 قېچىر يۈكى بار ما خۇسەن نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن كەشمىر چېگرىسىغا بارغاندا، چېگرىدىكى ئەسكەرلەر قورال - ياراغلىرى بىلەن 40 قېچىردىكى مال - دۇنيانى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى قويۇپ بەرگەن. زورلۇق بىلەن قولغا كەلگەن خەلقنىڭ مال - مۈلكى خورلۇق بىلەن تالىنىپ، چېگرىدىكى ئەسكەرلەرگە يەم بولغان.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشتىكى شىر يۈرەكلىكىدىن پايدىلانماقچى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ خوتەندىكى ئەسكەرلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇنى 2 - ئېغىزغا ئالمايدىغان بولغان.

1941 - يىلى سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى باشلانغاندا، ستالىن ما جۇڭيىڭنى گۇمانلىق ئادەملەر قاتارىدا ئارقا سەپ بولغان قازاقىستانغا يۆتكىگەنىدى. ئۇ ئالمۇتا ئەتراپىدىكى بىر ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە ئەسكەر، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كەتكەچكە، ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن، گۆش، ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش توختىتىلغان، ئۇ باشقىلار قاتارىدا قارا ئاشلىق ۋە تەمسىز سۇيۇق - سەلەڭ تاماقلار بىلەن تەمىنلەنگەنىدى. قارا ئاشلىقمۇ ۋاقتىدا تەمىنلەپ بېرىلمىگەچكە، 20 ئەسكەرنىڭ ئونچىسى قېچىپ كەتكەنىدى. قالغان ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىدىن زارلىنىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قولىقىنى تىنچىتمىغان.

(داۋامى 58 - بەتتە)

# ئەتلەسچىلىك

ۋارىس تېكىن

قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەر، خوتەن رايونلىرى يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بىلەن «يىپەك ئىلى»، «يىپەك يۇرتى» دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز يىپەكتىن ھەرخىل رەڭدىكى ئەتلەس، بەقەسەم، چەكمەن ۋە شايىلارنى توقۇپ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەندىن سىرت، باشقا ئەللەرگە ئاپىرىپ ساتقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ئەتلەس توقۇلۇشىنىڭ نەپىسلىكى، رەڭدارلىقى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭق چىقارغان.

يەرلىك تۈسى قويۇق بولغان ئەتلەسچىلىك — توقۇمىچىلىق سانائىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ماھىر ئۇستىلارنىڭ ئەجىر قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق كەسپى بولۇشتەك رولىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئەتلەس ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكاندا توقۇلىدۇ. ئەتلەس توقۇغاندا قول - پۇت تەڭ ئىشقا سېلىنىدۇ. ئەتلەس توقۇش — يىپەك تارتىش، ناچىلاش، دۆرە قىلىش (يۇگۈرۈش ياكى ئۆرۈش ئېتىش)، ئاقارتىش، تاختا قىلىش، بىر كىيىملىكنى بىر قىلىپ قاتلاش، گۈلنى پىلانلاپ بەلگە سېلىش، بوغۇش، بوياش، توقۇش، توقۇپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇش، ئاخىرىدا پەردازلاش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرى بويىچە بولىدۇ. ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ئەتلەسكە چىقىرىلىدىغان گۈلنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن، يىپنى كۆممىقوناقنىڭ پاسكىغا يۆگەپ، مىنېراللار ۋە ئۆسۈملۈكتىن تەييارلانغان بوياقتا بويايدۇ. ئەگەر گۈللۈك ئەتلەس توقۇشقا توغرا كەلسە، بويالغان يىپ گۈل شەكلىگە ئاساسەن رەت تەرتىپى بويىچە دۇكانغا تارتىلىدۇ ھەم گۈل توقۇش جەريانىدا چىقىرىلىدۇ. ئەتلەسكە گۈل باسىدىغان مۇقىم گۈل قېلىپى بولمايدۇ. ئەتلەسنىڭ دۇكاندا توقۇلۇش جەريانى خام (ماتا) نىڭ توقۇلۇش جەريانى بىلەن ئوخشاش. ئادەتتە بىر كىيىملىك ئەتلەسنىڭ ئۆلچىمى 45 . 0×4 . 6 مېتىر بولىدۇ.

ئەتلەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەتلەسلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، رەڭگى خىلمۇخىل قىلىپ توقۇلىدۇ. ئەتلەس تۈر جەھەتتىن خانئەتلەس، دارايى ئەتلەس (ئەنجان ئەتلەس)، خوجەنە ئەتلەس، يەكەن ئەتلىسى، بەقەسەم، شايى قاتارلىق تۈرلەرگە، رەڭ جەھەتتىن قارا ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس، ئارىلاشما رەڭلىك ئەتلەس (كۆك ئەتلەس، زەيتۇنە ئەتلەس) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تۈرنىڭ يەنە بىرقانچە خىل نۇسخىسى بولۇپ، جەمئىي 20 نەچچە خىلغا يېتىدۇ.

ئەتلەس ئۇيغۇر خەلقى ئۆز يېرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، گۈزەل باغۇ - بوستانلىرىنى، يېشىل لىبنتىدەك سوزۇلۇپ ئاققان دەريالىرىنى نەپىس ۋە رەڭدار يىپەك بىلەن تەقلىدىي ئىپادە قىلغان سەنئەت خەزىنىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىز ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ قار قاپلىغان چوققىلىرىنى خانئەتلەستە ئىپادىلىسە، ئاستى قىزغۇچ قارا، ئاق قارلىق تاغ تىزمىسىنى قارا



ئەتلەستە ئىپادىلىگەن. دەريا ۋە ئېقىن سۇلارغا تەقلىد قىلىپ دارايى رئەتلەس توقۇغان بولسا، بايلىقى مول تەكلىماكان قۇملۇقىنى يىپەكتىن توقۇلغان سۇر، جۇلالىق تۆمۈركۆك بەقەسەمدە ئىپادە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تەشتەك گۈلى، يوپۇرماق، بادام، ئالما، نەشپۈت قاتارلىقلارنىڭ شەكلىنى ئەتلەسكە چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ «مېۋە - چېۋە ماكانى» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بەزىدە راۋاب، دۇتار شەكىللىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن؛ بەزى ئەتلەسلەرگە تارغاق، پۆپۈك، زىرە - مۇنچاق، ياقۇت قاتارلىقلار- نىڭ شەكىللىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بېزەك بۇيۇملىرىنى ئىپادىلىسە، بەزىلىرىگە بولقا، ھەرە، قايچا قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇش قوراللىرىنى ئىپادىلىگەن.

قىسقىسى، ئەتلەسنىڭ گۈل شەكىللىرى ئۆزگىرىشچان، ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى، تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئىدىيىسىنىڭ «كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىز» دە ئىپادىلىنىشىدۇر، دېمەك ئەتلەس قويۇق سەنئەت تۈسىنى ئالغان.

ئەتلەس يىپەكتىن توقۇلغاچقا، سۈپەتلىك، يۇمشاق، پارقىراق، نەپىس ھەم يەڭگىل كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن يازدا كىيىم كىيسە سالقىن بولىدۇ، ئادەم بەدىنىگە زىيىنى يوق، ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئەتلەس كىيگەن قىزلارنىڭ بەدەن گۈزەللىكى، بولۇپمۇ كۆكرەك، بەل گۈزەللىكى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك ئۇيغۇر ئايال - قىزلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، گۈزەللىكىگە گۈزەللىك، مىجەز خۇلقىغا شوخلۇق، ئۇمىدۋارلىق ئاتا قىلىدۇ.

ئەتلەسنى ئۇيغۇر ئايال - قىزلار بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە بىر قۇردىن ئەتلەس كۆڭلەك بولىدۇ. مەلۇم نۇقتىدا ئەتلەس كۆڭلەكنى «ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ مىللىي بەلگىسى دېيىش مۇمكىن».

ھازىر خوتەننىڭ بەزى ئەتلەس توقۇيدىغان يېزىلىرىدا قىز - يىگىتلەر لايىق تاللىسا قارشى تەرەپنىڭ ئەتلەس توقۇشنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىدىغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەتلەسنى ياش قۇرامىغا، گۈزەللىك قارىشىغا ئاساسەن تاللاپ كىيىدۇ.

قارا ئەتلەس — رەڭگى سۇس، ئاستى قىزغۇچ قارا، ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپىنچە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاياللار ئۇزۇن ھەم كەڭ قىلىپ ھەرخىل پاسوندىكى كۆڭلەكلەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن.

قىزىل ئەتلەس — گۈلى قىزىل، تېگى ئاق ياكى سېرىق بولۇپ، رەڭگى شوخ، ياشلىق باھارغا سىمۋول قىلىنغان، شۇڭا قىز - چوكانلار بۇ خىل ئەتلەسنى ياخشى كۆرىدۇ.

سېرىق ئەتلەس — گۈلى سېرىق، تېگى ئاددىي، نەپىس بولۇپ، ئۇنى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللار ياخشى كۆرىدۇ.

ئارىلاشما ئەتلەس — كۆك ياكى زەيتۇن رەڭلىك بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ياخشى كۆرىدۇ.

بەقەسەم — يوللۇق، رەڭلىك بولىدۇ، ئەمما گۈلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى كۆپىنچە سىدام كۆك، بېغىررەڭ، نىل رەڭلەردە بولىدۇ. ياشقا چوڭراق ئۇيغۇر ئەرلەر ساماۋى يوللۇق نىل رەڭ بەقسەمدە تون كىيىدۇ، ھازىر بەقسەمدە كىيىم كىيىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

شايى — ئاق سېرىق، ئەترەڭ، قارا رەڭلەردە بولۇپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ۋە چوڭ - كىچىكلەرنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا جۇڭگو، ئىران، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئەتلەس توغرىسىدا مەلۇمات بار، لېكىن ئەتلەسنىڭ قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەتلەسنىڭ قەيەردە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. بەزىلەر قارا ئەتلەسنىڭ «ئەنجان ئەتلەس» دەپ ئاتالغانلىقىغا ئاساسەن مۇنداق قارايدۇ: «... ئەنجان — ئۆزبېكىستاننىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، تارىختا

خوتەننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن ئۆزبېكلەر خوتەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، خوتەنلىكلەر ئۇلارنى ئەنجانلىقلار دەپ ئاتاشقان. تا ھازىرغا قەدەر خوتەندە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا (ئەنجان) دېگەن سۆزنى قوشۇۋالىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ ئەنجانلىقلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزىلەر بۇ خىل ئەتلەسنىڭ گۈل نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندىن كىرگۈزۈلگەن دېسە، بەزىلەر خوتەن ئەتلىسى ئۆزبېكىستانلىق ئۇستىلارنىڭ ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر خوتەندىكى ئەنجانلىقلار بۇ خىل ئەتلەستە كىيىم كىيىشكە ئامراق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان دېيىشىدۇ». بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار «ئەنجان» دېگەن سۆزنىڭ نوقۇل ھالدا ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىنى، رايونىمىزدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۆزبېكلەرنىلا كۆرسىتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، «ئارىلاش، ئەسلىدىكىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزگەرگەن» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۇقتۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان. ئۇيغۇرلار «ئەنجان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان «ئەنجان تام»، «ئەنجان ۋادىك»، «ئەنجان خوراز»، «ئەنجان پاختىكى»، «ئەنجان دوپپا» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجان شەھىرى ياكى ئەنجانلىقلار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ياكى ئەنجان شەھىرىدىن كىرگەن، ئەنجانلىقلار ئۆزگەرتكەن، ئەنجانلىقلار ئامراق نەرسىلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ-دە! ئەنجان تام — كۆملاچ قىلىنغان لاي بىلەن قوپۇرۇلغان تام دېگەن مەنىنى، ئەنجان ۋادىك — لاي كېسەكلەر بىلەن ۋادىك ئارىلاشتۇرۇلغان تام دېگەن مەنىنى، ئەنجان خوراز — يەرلىك خورازلاردىن پەرقلىنىدىغان خوراز دېگەن مەنىنى، ئەنجان پاختىكى — قىشتا كېتىپ يازدا پەيدا بولىدىغان، جۈغى ئادەتتىكى پاختەكتىن كىچىك بىر خىل پاختەك دېگەن مەنىنى، ئەنجان دوپپا — بادام گۈلى بىلەن باشقا گۈل شەكلى گىرەلەشتۈرۈلگەن دوپپا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، «ئەنجان ئەتلەس» نى گۈل نۇسخىلىرى گىرەلەشتۈرۈلگەن، ئارىلاشتۇرۇلغان ئەتلەس ياكى خوتەن ئەتلىسىنىڭ گۈلى بىلەن ئۆزبېك ئەتلىسىنىڭ گۈلى ئارىلاشتۇرۇلغان ئەتلەس دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ھەرگىز ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىدىن كىرگەن دېيىشكە بولمايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، قەدىمكى خوتەن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، يىپەك توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان مەشھۇر يىپەك شەھىرىدۇر. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅱ، Ⅲ ئەسىرلەردە خوتەننىڭ يىپەك سودىسى تەرەققىي قىلغان. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە يىپەك سودىسى تېخىمۇ گۈللەنگەن، تاڭ دەۋرىدە تازا ۋايىغا يەتكەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا «جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بىر تۈركۈم سودىگەرلەر چېگرىدىن ئۆتۈپ بىر قېتىمدىلا 4300 توپ يىپەك يۆتكىگەن». زور تۈركۈمدىكى يىپەك ئاساسەن خوتەندىن يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەرگە بىۋاستە يۆتكەپ سېتىلغان. يىپەك يولىدىكى يىپەك سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. خوتەن يىپىكى ئۇزۇندىنچە شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن. «مىلادىيە 961 - يىلى ئۇدۇن پادىشاھى ۋىسارا تەڭرى خان خوتەندە توقۇلغان رەڭدار كىمخاب، دۇردۇن قاتارلىقلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ ساتقان». ئەتلەس تۈرىدىكى يىپەكتىن توقۇلغان بۇ رەختلەر خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «胡锦» (غۇز تاۋىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللۈك رەختى)، «西锦» (غەربىي يۇرت تاۋىرى) دەپ خاتىرىلەنگەن.

XV ئەسىردە مىرزا ئابابەكرى خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا، خوتەننىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرىنى بولۇپمۇ ئەتلەس توقۇيدىغان ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى يەكەنگە يۆتكەپ بارغان، چۈنكى ئۇ يەكەننى پايتەخت قىلغان بولۇپ، خوتەننىڭ ھۈنەرۋەنلىرىنى ئۆزىگە ئەتلەس توقۇشقا ھەم يەكەنلىكلەرگە ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىتىشكە سالغان. كېيىنچە يەكەندە توقۇلغان ئەتلەسلەر يەكەن ئەتلىسى دەپ ئاتالغان، يەكەن ئەتلىسى ھازىرغىچە

توقۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

Ⅸ X ئەسىردە ياشىغان ئا. ن كۇروپاتكىن «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا: خوتەننىڭ يىپەك سانائىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، ئۇلار مەشۇتتىن ئەتلەس، بەقەسەم، شايى قاتارلىقلارنى توقۇيالايدۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يىپەك بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. پەقەت خوتەن يىپىكىلا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. 1976 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغىلا 160 تاي يىپەك ئېكسپورت قىلىنغان، دەپ بايان قىلغان.

ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ئامبىرىدا لوپ ناھىيە سانپۇل يېزىسىنىڭ 3 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى سايغا جايلاشقان «سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان 2 پارچە ئەتلەس پارچىسى (14×17 سانتىمېتىر، 16×20 سانتىمېتىر) ساقلانماقتا. بۇ ئەتلەس پارچىلىرىنىڭ تېگىنىڭ رەڭگى قىزىل، گۈل سېرىق، گۈل شەكلى تارغاق چىشى شەكلىدە بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «بېزەك مەدەنىيىتى» نى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ ئەتلەس پارچىلىرى رەڭ جەھەتتىن سېرىق ئەتلەسكە، تۈر جەھەتتىن خانئەتلەسكە تەۋە. ئەتلەس پارچىلىرى تېپىلغان سەنپۇلا قەبرىستانلىقىدا 1984 - يىلى شىنجاڭ مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ئەترىتىدىكى خادىملار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغاندا قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم ياغاچ كۆمۈرى، قومۇش، ياغاچ قاتارلىقلارنى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن - تېخنىكا ئورنىنىڭ ئەۋرىشكىلەرنى ئۆلچەپ بېكىتىشىگە ئەۋەتىپ دەلىللەتكەن. ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن مىلادىيە Ⅲ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا تەئەللۇق قەبرىستانلىق ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي بايانلاردىن ۋەقەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئەتلەس پارچىلىرىدىن قارىغاندا، خوتەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز يىپەك توقۇمىچىلىقىدىكى داڭلىق مەھسۇلات ئەتلەسنى 2000 يىل ئىلگىرىلا توقۇشنى بىلگەن ھەمدە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، شۇنىڭدەك نەپىس توقۇش تېخنىكىسى، رەڭ تەڭشەش، بوياش، گۈل چىقىرىپ توقۇش، ئاخىرىدا پەردازلاش قاتارلىق ئۆزگىچە يەرلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن ھەمدە دۇنيا توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ھەسسە قوشقان.

ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك — مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گۈلتاجى. ئەتلەس «ئەل ئارا كىيگەن كىيىملەر مۇنچىلىك زىبا ئەمەس، قىلسا گەر قىزىل لىباس شەپەق چېچىپ تاجى جۇلا» (بەي جۈيى) دەپ تەرىپلىنىشكە، ھۆرمەتكە لايىق مىللىي رەختىمىزدۇر. ئۇنى توقۇشنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن كىيىم كىيىش، ئۇنى قەدىرلەش ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 169 - بەت.
2. «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1996 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 63 - بەت.
3. «گۆھەر زېمىن خوتەن» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 258 -، 259 - بەتلەر.
4. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 309 -، 310 - بەتلەر.
5. ئا. ن. كۇروپاتكىن «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 8 - ئاي نەشرى. 112 -، 113 -، 114 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# كارىز، كارىز قېزىش ئەسۋابلىرى ۋە كارىزچىلىققا ئائىت ئاتالغۇلار ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

پەرھات كازىمى

(پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

## 1. كارىز ئاتالغۇسى ھەققىدە

كارىز — قۇرغاق رايونلارنىڭ كىلىماتى، جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى قاتارلىق ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى. ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 3000 يىلدىن ئاشىدۇ. تۇرپان ۋادىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردە تەڭرىتاغنى مەنبە قىلغان ئېقىن سۇ، بۇلاق سۇلىرى بارغانچە ئازلاپ، كىلىمات بارغانسېرى قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، ئەجدادلىرىمىز قۇدۇق قېزىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە چىقىرىپ يەر سۇغارغان. سۇ ئورنى تۆۋەنلىگەنسېرى، كارىز قۇدۇقلىرىمۇ شۇنچە چوڭقۇرلاپ بارغان. كارىزدىن چىققان سۇ بوستانلىقلارنى كۆكەرتكەن. ھازىرقى كارىزلار بۇنىڭ دەلىلى. شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، كارىز قۇرۇشقا باشلىغاندا (سۈيى ئۈزۈلگەندە)، ئەسلىدىكى كارىز تاشلاپ قويۇلۇپ، شۇ كارىزنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېڭى كارىز چېپىلغان، بۇنىڭغا دالانكارىز يېزىسىدىكى تاشلاندۇق كارىز خۇلۇڭ، ھازىرقى بەشتام كارىزلىرى مىسال بولالايدۇ. ئۇيغۇر كارىزچىلىقى ئۆز يۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خاس شانلىق مەدەنىيەت. بۇ - باشقىلار ئۆگىتىپ قويغان ياكى بىرەر يۇرتقا بېرىپ ئۆگىنىپ كەلگەن «ھۈنەر» ئەمەس، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس ئاتا مىراس.

ھازىر كارىز ھەققىدە بەزىلەر ئىراندا كارىز بار، پارسلارمۇ «كارىز» دەيدۇ. ئۇيغۇرلار كارىز چېپىشنى پارسلاردىن ئۆگەنگەن، پارسلاردىن تۇرپانغا تارقالغان دەپ قارايدۇ.

مەن، كارىز چېپىلىپ (قېزىلىپ) ئۇيغۇرلار كۆچمە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقتىن تېرىم مەدەنىيىتىگە كۆچۈپ كارىز سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ، كارىز بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ شەھەرلەشكەندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلاردا كارىز مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن دېگەن ئوبيېكتىپ، تارىخىي، ئىلمىي يەكۈننى قۇۋۋەتلەيمەن.

ئۇيغۇرلار كارىزچىلىقنى پارسلاردىن ئۆگەنگەن، دېگەن كۆزقاراش پارس تىلىدىمۇ «كارىز» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «كارىز» سۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە يولداش لېتىپ توختى ئەپەندى: «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» (1981 - يىل نەشرى) تە «كارىز» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان 2 سۆز بار، ئۇنىڭ بىرى «قنات» (قانات، 1804 - بەت)، يەنە بىرى «كاريز» (كارىز، 1833 - بەت)، دەيدۇ، ھەمدە «كاريزكن» (كارىزچى) ۋە «كاريزكنى» (كارىز چېپىش) دېگەن 2 سۆزنى مىسال ئېلىپ، ئۇيغۇرلار پارس تىلىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغىنىدەك، پارسلارمۇ ئۇيغۇرلاردىن «كارىز» سۆزىنى قوبۇل قىلغان، دەپ يەكۈن چىقىرىپ، ئالتاي تىلىدىكى Kar (قېزىش، قازماق) پېئىلىدىن كەلگەن «كارىز» ئاتالغۇسىنى ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كەلگەن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1996 - يىل 3 - سان). مەن بۇ قاراشقا قوشۇلىمەن.

مەن پىچان ناھىيىسىدىكى خېلى كۆپ پىشقەدەم كارىزچىلارنى زىيارەت قىلىپ بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى خاتىرىلەپ چىقتىم.

## 2. كارىز قېزىش ئەسۋابلىرى

1) قېزىش، تېشىش، چوڭقۇرلىتىش ئەسۋابلىرى

(1) كەتمەن. تىلما يېرىش، تەشمە ئىچىدىكى توپىنى سېۋەتكە ئۇسۇش، سۇغا يەتكەندە لاي ئېلىش، قۇدۇق يوقلىغاندا تۇڭلۇك ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى: ئادەتتىكى كەتمەندىن كىچىكرەك (ئادەتتىكى كەتمەن بولسىمۇ بولىدۇ) سېپى قىسقا، تەشمە ئىچىدە ئىشلىتىشكە قولايلىق ياسىلىدۇ (سېپى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ)، خەنزۇچىدا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «كەنتۇمەن» (坎土曼) دەپ ئېلىنغان.

(2) پوچى. سېغىز، شېغىل، قۇرۇتقىلىق يەرلەردە تۇپراقنىڭ قاتتىق قاتلىمىنى چوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى: بېشى يوغان، تۆت قىرلىق، ئاستى چېدىر سىمان، ئۈچىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان، تۆشۈكى بار، سېپى قىسقا (50 سانتىمېتىردىن قىسقا بولىدۇ)، بىرقانچە ئۈچ بار بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ۋاڭ خېتىڭ ئەپەندى بۇ سۆزنى خەنزۇ تىلىدىكى 刨锤 (پاۋچۇي) دىن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «چى» قوشۇمچىسىنىڭ ئاساسلىق ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. قىسقىسى بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىغا مەنەن تەرجىمە قىلىنغان.

(3) چۆكۈرۈك. تەشمىلەر تۇتاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئېگىز - پەسلىكنى تەكشەشتە ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى: ئۈچى پوچىنىڭ ئۈچىدەك ئۈچلۈق ھەم ئۇزۇن (60 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ)، سېپى قىسقا (كەتمەن سېپى بىلەن ئوخشاش) بولىدۇ. ۋاڭ خېتىڭ، چۇخۇەيجېنلار «جۆتۇ» دەپ ئاتىغان ئەسۋاب دەل چۆكۈرۈكتىن ئىبارەت (خەنزۇچە «تۇرپان كارىزلىرى» نىڭ 18 -، 19 - بەتلىرى)، چۇخۇەيجېن پوچىنىڭ ئۈچىنىمۇ ئايرىم تونۇشتۇرغان ھەم گۈرجەكنىمۇ قوشۇپ قويغان. كارىزچىلار تا بۈگۈنگە قەدەر «جۆتۇ»، «گۈرجەك» بىلەن كارىزچىلىق قىلغىنى يوق.

زامانىۋى كارىز قېزىش ئۇسكۇنىلىرى شارائىتقا ماس كەلمەي، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغاچقا، كارىزچىلار يەنە ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن كارىز قېزىپ كەلمەكتە، شۇڭا زامانىۋى قوراللارنىڭ نامىلىرى كىرگۈزۈلمىدى.

2) توشۇش، توپا تارتىش ئەسۋاپلىرى

(1) ئارغامچا. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئۇزۇن - قىسقا ئىشلىتىلىدۇ. كارىز باش قۇدۇقتا بارغانچە چوڭقۇرلاپ ماڭغاچقا، ئارغامچا دەسلەپتە غالتەك ياكى چىغرىققا ئوراپ قويۇلىدۇ. ئۇ پاختا يىپ ياكى چىگىدە تومۇر، پىششىق ئېشىلىدۇ. ئايتاپتا چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھۆللەپ ياكى قۇدۇق ئىچىگە قويۇپ قويۇلىدۇ. توپا تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئىلمەك. پۇختا، چىڭ ئۈجمە ياكى قارىياغاچنىڭ ئاچىمىقىدىن ياسىلىپ ئارغامچىنىڭ ئۈچىغا چىگىلىدۇ، تۆمۈر ئىلمەك ئىشلىتىلمەيدۇ.

(3) سېۋەت. «قۇدۇق سېۋىتى» ئۈجمە، ئۆرۈك، يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلىدۇ. چوڭ - كىچىكلىكى ئادەتتىكى چېلەكتىن كىچىكرەك بولىدۇ. بىر كارىزغا (بىر گۇرۇپپا ئادەمگە) 3 تىن 7 گىچە سېۋەت تەييارلىنىدۇ.

(4) غالتەك - چىغرىق. غالتەك ئۇلاغ كۈچى بىلەن لاي، توپا تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كارىز قۇدۇقى چوڭقۇرلىغاندا، ئۇ كالا، خېچىر... ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلىدۇ. چىغرىق (كۆپىنچە ھاللاردا «غالتەك» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇدۇق تېيىز جايلاردا قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. شەكلى: ① غالتەك: چاسا قۇرۇلمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرىكەتچان غالتەك (ياغاچتىن مەخسۇس ياسىلىدۇ ياكى كونا ھارۋىنىڭ ياغاچ چاقىنىڭ گۇيسىنى ئىشلىتىلىدۇ) ئورنىتىلىدۇ ئۇنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىردىن كەم بولمايدۇ. ② چىغرىق (غالتەك) 3 پۇتلۇق

غالتەك يېنىغا ئەگرى (ياي شەكلىدە) قوللۇق ئورنىتىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى سۇ يېغى بىلەن ياغلاپ تۇرۇلىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئۇجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بۇ «بۇلا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**3. يورۇتۇش، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى**

1) قۇدۇق چىرىغى. ئۇنى يەرلىك كولالچىلار ياسايدۇ. بۇ چىراغقا سۇ يېغى ئىشلىتىلىدۇ، پاختىدىن پىلىك سېلىنىپ، پىلىككە ئوت يېقىپ قويۇلىدۇ. چۇخۇيجىن ئەپەندى چۆگۈنگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن «دېڭ خۇلۇ» (چىراغ قاپىقى) دەل قۇدۇق چىرىغىدۇر.

2) يېقىلغۇ. ئاساسەن چىگىت، كۇنجۇت، كەندىر يېغى ئىشلىتىلىدۇ. تەشمە چوڭقۇرلىغاندا زەھەرلىك گاز ياكى گۆمۈرۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلسە، سۇ يېغى كۆيۈۋاتقان چىراغنىڭ ئوتى ئاجىزلاپ قالىدۇ ياكى ئۆچۈپ قالىدۇ-دە، كارىزچىلار دەرھال مۇداپىئە كۆرىدۇ. كارىزچىلار ئۆزلىرىنىڭ مىجەزىگە ماس كېلىدىغان ئىسى ئاز، باشنى ئاغرىتمايدىغان ياغنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ.

3) ئاسما قارا. تەشمىنىڭ تۈزلۈكى ئاسماقارا بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاسماقارا — مۇقىم ئورۇنغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ياكى قول بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان، تانىغا تاش ياكى داشقال چىگىپ تەشمىنىڭ تۈزلۈكى ئۆلچىنىدىغان ئەسۋاب.

4) غولاچ. تەشمە ئارىلىقى، تۈگلۈك چوڭقۇرلۇقى ئاساسەن غولاچ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا چارەك، غېرىچ، تاپان... ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىنلا بار. غولاچ بىلەن ئۆلچىگەندە بويى تۆرقى نورمال ئادەمنىڭ غولىچى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

**4. رېمونت قىلىش ئەسۋابلىرى**

1. تىرەك. گۆمۈرۈلگەن جايغا ئادەم ئۆمىلەپ ماڭغۇدەك ئېگىزلىكتە ئۇجمە ياغىچىدىن ھەر يېرىم مېتىرغا بىر تالدىن تىرەك قويۇلىدۇ، تىرەكنىڭ ئىككى يېنىغا ۋە ئۈستىگە شال قويۇلۇپ تۇپا كىرمەيدىغان قىلىنىدۇ. ھازىر كارىزچىلار «جا قويۇش» دەپ خەنزۇچە ئارىلاش ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇ «تىرەك قويۇش» تۇر. بۇنىڭغا قاراپ «كارىز رېمونت ئاتالغۇلىرىمۇ خەنزۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا ئۆزلەشكەن» دەپ كېلىنىۋاتىدۇ. رېمونت قىلىش ئاتالغۇلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى بىزنىڭ پېشقەدەم كارىزچىلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىدا ئاتاپ كەلمەكتە.

3. كارىز ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات

1) تىلما يېرىش — كارىز سۈيى يىغىلىدىغان كۆلدىن مەلۇم ئارىلىققىچە ئېرىق چېپىلىدۇ، بۇ تىلما يېرىش دېيىلىدۇ.

2) تىلما — 1- قۇدۇقنىڭ ئالدىدىكى كۆلگە سۇ چىقىدىغان جاي.

3) ئاچما- تىلما

4) تەشمە — بىر قۇدۇق بىلەن يەنە بىر قۇدۇقنى تۇتاشتۇرىدىغان يەر ئاستى ئېرىق.

5) تەشمە تېشىش — بىر قۇدۇق بىلەن يەنە بىر قۇدۇقنى يەر ئاستىدا تۇتاشتۇرۇش.

6) تۈنۈك ئويۇش — يەر يۈزىدىن تەشمىگىچە بولغان ئارىلىقنى ئويۇش.

7) تۈنۈك- قۇدۇق

8) تۈنۈك كۆتۈرۈش — يەر يۈزىگە يېقىن جاي يۇمشاق، قۇمساڭغۇ بولۇپ، سېپىرىلىپ توختىمىسا، كېسەك ياكى كارىزدىن چىققان سېغىز لاي بىلەن كۆتۈرۈپ تۇپا سېپىرىلىپ چۈشمەيدىغان قىلىش.

9) تۈنۈك ئاغزى — قۇدۇقنىڭ يەر يۈزى بىلەن تۇتاشقان ئاغزى.

10) تۈنۈك تۈۋى — تەشمە بىلەن قۇدۇقنىڭ تۇتاشقان جايى.

11) تۈنۈك ئېغىزى ياساش — تۈنۈكنىڭ ئاغزىنى يېپىش، ئېچىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئادەم پاتقىدەك قىلىپ ياساش. قىش كۈنلىرى قۇدۇق ئاغزىنى ئەتكەندە قۇدۇقتا سوغۇق كىرىپ سۇنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، كارىزغا ئۆلاغ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

12) تەشمە ئوتتۇرىلىقى — بىر قۇدۇق بىلەن يەنە بىر قۇدۇق ئارىلىقى

13) قۇرۇتقا — قاتتىق سېغىزلاي

14) تارتما — قۇدۇقتىن چىقىپ- چۈشۈش

ئۈچۈن ئىككى يانغا ئويۇلغان ئويۇق.

15) توقا چىقىش — تەشمە بىلەن تەشمىنى تۇتاشتۇرۇشتا تۇنۇك ئۇدۇل كەلمەسلىك.

16) چىشلىشىش — تەشمە بىلەن تەشمە ئۇدۇل كەلمەي قېلىش، بۇ ئاساسەن، ئىككى تەرەپتىن تەشمە كولىغاندا كۆرۈلىدۇ.

17) قارغۇ تەشمە — قىسقا قۇدۇقى يوق يانغا ماڭغان تەشمە.

18) ياندىما — كارىز سۈيىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سۇغا يەتكەن جايدىن يانغا شاخلىتىپ چېپىلغان كارىز. بەزى ياندىمىلار ئايرىم، مۇستەقىل بىر كارىزغا توغرا كېلىدۇ. بىر كارىزنىڭ 3 ـ 4 ياندىمىسى بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

19) كۆلگە سۇ باشلاش — تەشمە ئىچىگە توغان سېلىپ قويۇلۇپ، سۇ كۆپىيىپ كارىز چېپىش قىيىنلاشقاندا ياكى تەشمىنىڭ ئۈستىگە سۇ تېپىپ قالغاندا 2 قۇدۇقچى تىلمىدىن كىرىپ «سۇ كەلدى، ئامان كەلدى» دەپ تۇۋلاپ تىلمىغا چىقىشىغا، سۇ باشلاپ چىققانلارغا قارىتىپ سۇغا ئاق قوشقار بوغۇزلىنىدۇ، مانا بۇ كۆلگە سۇ باشلاشتۇر.

20) كولو — كارىز چېپىپ كېتىۋاتقاندا بولاق چىقسا، كارىز قازدۇرغان كىشى ياكى كارىز قازدۇرغان تەرەپ كارىزچىلارغا بېرىدىغان سۆيۈنچە.

21) كولولۇق — كولو ئالغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىش.

22) چىراغئۆيى — كارىزچىلار تەشمىدە چىراغ يورۇقىدا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، تەشمىنىڭ ئوڭ ياكى سولىغا بىر مېتىر ياكى يېرىم مېتىر ئەتراپىدا ئويۇق ياسىلىدۇ.

23) ئىش بېشى — بىر ئىش بېشىنىڭ 3 ئادىمى بولىدۇ. ئۆزى بىلەن ئاز دېگەندە 4 ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئىش بېشى گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپلا قالماي، كارىز لايىھىلىگۈچى «ئىنژېنېردۇر» . ئەينى يىللاردا خەنزۇ ئىشلەمچىلەر ئىش بېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىگەچكە، ئىش بېشىنى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتى بويىچە «بوتوڭ» دەپ ئاتىغان.

24) غالتەكچى — مەخسۇس ئۇلاغ ھەيدەپ لاي تارتقۇچى، ھەربىر قېتىم لاي ياكى توپا تارتقاندا، ئايرىم يەرگە تاش ياكى داڭگال سېلىپ ساننى خاتىرىلىگۈچى.

25) چەك ـ سۇلۇق

26) سۇ ئېسىلىپ قېلىش — تۇنۇكنى كولاپ مەلۇم يېرىگە كەلگەندە، سۇ توپلىنىپ ئۈستىدىن ئىشلەش مۇمكىن بولماسلىق. بۇنداق ئەھۋالدا كارىز ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ قېزىلىدۇ.

27) يوقلاق — ھەر ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم بولۇپمۇ كۈز، قىش كۈنلىرى قۇدۇقلارنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، سوغاق چۈشۈپ كېتىش، ئۇلاغ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جۈملىدىن سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش.

28) تىلما ئېتىش — سوغاق كىرىپ كېتىش ۋە ھەرخىل جاندارلارنىڭ سوغاقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن، تەشمىگە كىرىۋېلىپ، سۇنى بۇلغىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قوناق شېخى، مەنگەن بىلەن تىلمىنى ئېتىپ قويۇش.

29) تىرەك — گۆمۈرۈلگەن ئورۇنغا پۇختا، توپا كىرمەيدىغان، سۇنى توسۇۋالمايدىغان قىلىپ قويۇلىدىغان ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان تىرەك.

30) تۆۋلىك — تىرەك قۇرۇلمىنىڭ ئۈستىگە يايىدىغان شال، تاختاي.

31) يانلىق — تىرەك قويغاندا ئوڭ، سول يانغا قويۇلىدىغان ئۈجمە شال، تاختاي.

32) تۆپە ئوق (ئۈستى ئوق) — تىرەكنىڭ قۇرۇلمىسىغا كىرىشتۈرۈلىدىغان ياغاچ.

33) ئاستى ئوق — تىرەك ئاستىنىڭ يۇمۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىرىشتۈرۈلگەن ياغاچ، (تۆپە ئوقنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئاستى ئوقنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش ئەمەس. ئۈستى ئوق تۆت قىرلىق، تۇنۇك تېشىلىپ كىرىشتۈرۈلىدۇ. ئۈستى تۈز، تۆۋلىك مۇقىم تۇرىدۇ. ئاستى ئوق توم بولسىمۇ، ئۈستى ئوقتەك بولسىمۇ بولىدۇ. ھازىر سېمونتتىن تىرەك ياساپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. تۈزۈلۈشى ئەنئەنىۋى تىرەك قۇرۇلمىغا ئوخشاش. مەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى مىسالغا ئېلىپ ئىشلەتتىم) .

34) چوققا — بىرەر خەتەر كۆرۈلگەن،

خەتەرلىك ياكى ئادەم ئۆلگەن يەرگە تەشمىدىن چىققان لاي بىلەن ياساپ قويۇلىدىغان بەلگە.

35) سوغۇلماق — كارىز سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى.

36) سوغۇق تارتىش — كارىزغا سوغۇق كىرىپ كەتكەندە، دەل شۇ يەردىن بىر ساپ يانتاق ياكى ئاسان كۆيىدىغان پاكىز، زىيىنى يوق يېقىلغۇنى (ئاساسەن ئۆسۈملۈك) قۇدۇققا تاشلىسا سوغۇق شامال ئاستىغا ماڭماي ئىسسىق ھاۋا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. مانا بۇ سوغۇق تارتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

37) يارما — كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ مەلۇم يېرى (ئوتتۇرىلىقى) گۆمۈرۈلۈپ يانداپ مېڭىش تەس بولسا، پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىش، بۇنداق جايلار. . . ھەر پەسىلدە تىلمىغا ئوخشاش ئېتىلىپ ۋاقتى - ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرۇلىدۇ.

38) باش تۈنۈك — كارىزنىڭ تۈگىگەن قىسمى.

39) باش قۇدۇق — باش تۈنۈك.

40) قېتىشما — سۇ ئېقىپ بىرقەۋەت قاتتىق جىنس پەيدا بولغان قاتلام.

دېمەك، مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك كەشپىياتىنى ھاياتلىق مەنبەسى قاتارىدا ئۇلۇغلاپ، قەدىرلەپ كەلمەكتە. كارىزچىلار ۋە كارىز ئىگىلىرىنىڭ سۇ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش قاراشلىرى ئالاھىدە بولۇپ، تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزچىلىقى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كەسپىي ئاتالغۇلىرى ۋە ئىش تەرتىپلىرى بار. بۇنى تۇرپان رايونىدىكى كارىزچىلار نەچچە مىڭ يىللىق كارىزچىلىق تارىخىدا ئىجاد قىلىپ، تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان مەنبەلەر:
1. خەنزۇچە «تۇرپان كارىزلىرى» 1993 - يىل 2 - ئاي نەشرى
2. خەنزۇچە «تۇرپان ھەققىدە C.B.A» 1993 - يىل نەشرى.
3. ئۇيغۇرچە: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى. 1996 - يىل 3 - سان.
دالانكارىز يېزىسىدىكى ۋە دىغار يېزىسىدىكى پېشقەدەم كارىزچىلار.

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى

(بېشى 49 - بەتتە)

نەتىجىدە، ما جۇڭيىڭ قالغان ئونچە ئادىمى بىلەن بىر كېچىدە جۇڭگوغا قېچىپ كېتىشكە بەل باغلىغان. ئۇ يول باشلاشقا يەرلىك تۇڭگانلاردىن يول باشلىغۇچى ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆز - قۇلاقلار ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈلگەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يەرلىك ھۆكۈمەت ئورنى ئۇلارنى دەرھال قولغا ئېلىپ، كۆزدىن يوقاتقان.

بۇ ۋەقە 1941 - يىل كۈز ئايلىرىدا ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدا بولغان.

ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئەھۋالى، مالىك ئەپەندى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى لى شيەننيەن، چېن يۈنلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىك ئەھۋالى 80 - يىللاردا ئېلىمىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىغا بېسىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىتلىرىگە ما جۇڭيىڭ ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر بېسىلمىغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر شۇلارنىڭ ئىچىدىن قېچىپ چىققان ئادەملەر ئارقىلىق ئالمۇتادا تارقالغان.

تەھرىرلىگۈچى: غوجائەخمەت يۇنۇس

«جوڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»

# VI باب مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

توغان تۆمۈر ئەيش - ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن دۆلەت خەزىنىسى ناھايىتى ئازىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قەغەز پۇل كەلسە - كەلمەس تارقىتىلدى، زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىنىپ، خەلقنىڭ بايلىقى شىلىندى، نەتىجىدە تۈرلۈك ماللار ئىنتايىن قىممەتلىشىپ كەتتى، ئەل تەۋرەشكە باشلىدى، 90 يىلدىن بۇيان موڭغۇللارنىڭ كۈچى ئاستىدا قورقۇپ باش ئېگىپ كەلگەن خەنزۇلارنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، يۈەن سۇلالىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچ توپلىغان ئەزىمەتلەر مۇنۇلار ئىدى: فاڭ گوجېن جېجياڭدا كۆتۈرۈلدى، گو زىشىڭ خاۋجۇدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ شۇخۇي جياڭشىدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى، جاڭ شىچېڭ گاۋيۇدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. خەن لىنئېر خېنەننى ئىگىلىدى. مىڭ يۈجېن سىچۈەننى ئىگىلىدى، گو زىشىڭنىڭ قول ئاستىدىكى جۇ يۈەنجاڭ بولسا، ئەسكەرلەر بىلەن خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، گو زىشىڭنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، جىنلىڭدا ئۆزىگە ئاساس سالدى. ئۇندىن باشقا قوراللىق كۈچلەرنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ سەركەردە شۈدا بىلەن چاڭ يۈچۈننى شىمالغا يۈرۈشكە ئەۋەتتى، ئۇلار يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. مىنگودىن 544 يىل بۇرۇنقى 1 - ئايدا، جۇيۈەنجاڭ جىنلىڭ شەھىرى (ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرى) دە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى، دۆلەت نامىنى مىڭ دەپ ئاتىدى، يىلنامىنى خۇڭۋۇ دەپ ئاتىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، شۈدا، چاڭ يۈچۈنلەر خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) نى ئىشغال قىلدى، توغان تۆمۈر يىڭچاڭغا (دالى كۆلى ئەتراپىدا) قېچىپ كەتتى. مىنگودىن 542 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 3 - يىلى) 1 - ئايدا، شۈدا، لى ۋېنجۇڭ قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالغا يۈرۈش قىلدى. 4 - ئايدا توغان تۆمۈر ئۆلدى، ئوغلى ئايۇش دارا ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. 5 - ئايدا لى ۋېنجۇڭ يىڭچاڭنى ئىشغال قىلدى، يۈەن سۇلالىسى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ھۆكۈمدار شىمالغا قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە قوشۇنىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبى تىنچىتىلدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىنى بولسا، يەنىلا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمدارى ئايۇش دارا ئىگىلەپ ياتتى، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا توقۇس تۆمۈر ۋارىسلىق قىلدى. مىنگودىن 525 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 20 - يىلى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ سەركەردىسى لەن يۈ يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى بۇيۇئېرخەي (ھازىرقى بېئېر كۆلى) بويىدا تارمار قىلدى. توقۇس تۆمۈر قاراقورۇمغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە قول



ئاستىدىكىلەر تەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ھوقۇقنى قولغا ئالدى، 5 قېتىم ئالمىشىپ كۈنتۈمۈرگە كەلگەندە ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. قول ئاستىدىكى سەركەردە گۈلچ خان بولۇپ، ئۆزىنى تاتارخاقانى دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللارنىڭ چوڭ خان نەسەبى تۈگىدى.

مىنگودىن 504 يىل بۇرۇن (چىڭزۇنىڭ يۇڭلې 6 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئارۇتاي گۈلچنى ئۆلتۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسى خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىنياشىلنى ئەكىلىپ خاقان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ كونا قەبىلىلىرىدىن بولغان، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان ئويراتلار تاتارلارنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ بىنياشىل بىلەن ئارۇتاينى ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆلتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ، جەنۇبقا ئۆتۈپ جۇڭگو بىلەن تەڭلىك تالاشتى، شۇڭا مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىمالدىكى تاشقى ئاپەت دەسلەپىدە تاتارلار، كېيىن ئويراتلار بولدى.

مىڭ سۇلالىسى شىمالدىكى دۈشمەنىنىڭ جەنۇبقا كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، چېگرىدا قورغانلار قۇرۇپ، ياساۋۇلخانىلار تەسىس قىلىپ، ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرۇپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ تەييار تۇردى، ۋاھالەنكى كۈچلۈك قوشۇن بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئاتلار بولۇش كېرەك ئىدى، ئەمما دۆلەتتە بۇ كەمچىل بولۇپ، چوقۇم يات ئەللەرنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شەرقىي شىمالدا كەيپىڭ، گۇاڭنىڭ، داتۇڭ، شۈەنفۇلاردا ئات بازىرى ئېچىلدى؛ غەربىي شىمالدا بولسا، شىنىڭ قاتارلىق ئالتە ئايماقنىڭ قوۋۇق باج ئەمەلدارى چايغا غەربتىكى يات ئەللەرنىڭ ئېتىنى ئالماشتۇرۇپ ئالدى؛ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە كۆپ قېتىم ھەرخىل رەخت ۋە پۇللار بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە كۆپ

سوۋغاتلار بېرىپ، ياخشى ئاتلارنى تەقدىم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىن ياخشى ئاتلارنى تەلەپ قىلىش بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئامېرىكىدىن ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا ئوخشاش ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە قىلىش ئىشلىرى بارلىققا كەلدى.

غەربىي يۇرتنىڭ بوغىزى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل قۇمۇل ئىدى. مىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە قىلىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، قۇمۇل بېگىگە ياخشى ئىلتىپاتلار قىلىپ، قۇمۇل بىلەن قويۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل غەربتىكى قوشنىسى تۇرپاننىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلنى قوغدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ماجىرالار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ ئىككى ئىش توغرىسىدا تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە قىلىدىغان غەربىي دەرۋازا جيايۈگۈەن قوۋۇقى بولۇپ، بۇ قوۋۇق سۇجۇنىڭ غەربىدىكى جيايۈ تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىگە ئورۇنلاشقان، قاچان قۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما مىڭ سۇلالىسى سۇجۇنى مىنگودىن 540 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇنىڭ 5 ـ يىلى) قولغا كىرگۈزگەن، قوۋۇق شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان بولسا كېرەك. مىنگودىن 418 يىل بۇرۇن (شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 7 ـ يىلى) بۇ كىچىك قوۋۇق جېنشى دەپ ئاتالدى. ئۇ ھازىرغىچە گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، يۈمېن قوۋۇقى (قاشقوۋۇق)، ياڭگۈەن قوۋۇقى غەربىي يۇرتقا بارىدىغان غەربىي دەرۋازا ئىدى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، شەرققە سۈرۈلۈپ، جيايۈگۈەن قوۋۇقى دەرۋازا بولۇپ قالدى.

# 1 § . مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئويراتلار بىلەن ئالاقە قىلىشى

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئويراتلار ( 瓦剌 ) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا « 外剌 » ، يەنە « 亦剌 » دەپ يېزىلغان. «ئاتالغۇلارغا چۈشەنچە» دە « 卫拉特 » غا ئۆزگەرتىلگەن. مىڭ چىڭزۇ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن مەخمۇت قاتارلىق 3 كىشىگە ۋاڭلىق بېرىلگەنىدى. مەخمۇت تاتارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە چېگرىدىن باستۇرۇپ كىردى، چىڭزۇ ئۆزى يۈرۈشكە چىقىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى ۋاقتىنچە يەرگە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئوغلى توغانغا كەلگەندە، ئۇلار قايتىدىن كۈچەيدى؛ نەۋرىسى ئېسەن تەختكە ئولتۇرغاندا، زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىدى. مىڭ يىڭزۇڭ دەۋرىدە ئېسەن قوشۇننى بۆلۈپ چېگرىدىن باستۇرۇپ كىردى، يىڭزۇڭ ئۆزى يۈرۈشكە چىقتى، ئەمما تۇمۇباۋ ۋەقەسى يۈز بېرىپ، پادىشاھ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، پايتەخت قوشۇنى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلار زەئىپلىشىشكە باشلىدى.

**1. ئويرات قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئاتاق بېرىلگەنلىكى** ئويراتلار موڭغۇل قەبىلىسى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. يۈەن سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ۋەزىرى مۆڭكۈ تۆمۈر ھوقۇقنى ئىگىلەپ موڭغۇللارنى باشقۇرۇپ تۇردى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، موڭغۇللار 3 كە بۆلۈنۈپ كەتتى، مەخمۇت، تەيپىڭ، باتۇرلار ئۇلارنىڭ باشلىقى بولدى. مىنگودىن 510 يىل بۇرۇن جىيەنزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارغا مەلۇم قىلدى، يەنە نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، مەخمۇت قاتارلىقلارغا گۈللۈك دارايى سوۋغات قىلدى. مىنگودىن 504 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 6 - يىلى) قىشتا، مەخمۇت قاتارلىقلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئات ئولپان تاپشۇرۇپ، ئاتاق بېرىشنى ئۆتۈندى. 2 - يىلى يازدا مەخمۇتقا شۇنىڭۋاڭ، تەيپىڭغا شيەنيىڭۋاڭ، باتۇرغا ئەنلېڭۋاڭ دېگەن ئاتاق بېرىلدى، مۆھۈر تەقدىم قىلىنىپ پەرمان چۈشۈرۈلدى. 2 - يىلى باھاردا ئويراتلار يەنە ئات ئولپان تاپشۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئويراتلارغا 3 ۋاڭلىق ئاتىقى بېرىشىدىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا ئىگە بولۇشلا ئەمەس، بەلكى يەنە يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكىلەرگە زەربە بېرىش، تاتارلارنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى.

بۇ چاغدا تاتارلارنىڭ باشلىقى بىنياشىل قول ئاستىدىكى ئارۇتاي بىلەن بىرلىكتە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇراتتى. مەخمۇت قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. مىنگودىن 502 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 8 - يىلى) چىڭزۇ ئۆزى يۈرۈشكە چىقىپ تاتارلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. مەخمۇتمۇ بىرلىكتە تاتارلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ قىلىپ خەۋەر بەردى. كېيىنكى 2 يىلدا، مەخمۇت بىنياشىلغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، يۇقىرىغا خەۋەر بېرىپ دۆلەت مۆھۈرى تەقدىم قىلىشنى ئۆتۈندى، يەنە ئويراتلارنىڭ قوشۇنى كۈچلۈك بولغاچقا، ھەربىي قورال - ياراغ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭزۇ: «ئويراتلار مەغرۇرلىنىپ كەتتى، ئەمما ئىلتىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېدى. دېگىنىنى ئەلچىسىگە بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى.

**2. مەخمۇتنىڭ چېگرىدا پاراكەندىچىلىك قىلىشى** مەخمۇت بىنياشىلنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا مىڭ سۇلالىسىگە كۆز تىكتى. مىنگودىن 499 - يىل بۇرۇن (يۇڭلې 11 - يىلى) مەخمۇت ئەلچىنى تۇتۇپ قېلىپ قايتۇرمىدى. يەنە گەنسۇ، نىڭشيادىكى تاتارلارغا بېقىنغانلارنىڭ كۆپى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭزۇ غەزەپلىنىپ، ئەلچى

ئەۋەتىپ ئۇنى قاتتىق ئەيىپلىدى، قىشتا، مەخمۇت قاتارلىقلار ئەسكەر باشلاپ يىنماخىغا كېلىپ چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرمەكچى بولدى ھەمدە ئارۇتايغا ھۇجۇم قىلىمەن دەپ جار سالدى. 2 - يىلى يازدا، چېڭزۇ ئۆزى يۈرۈشكە چىقتى. ئويراتلارنىڭ 3 قەبىلىسى چېگرىنى قاپلاپ كېلىپ ئۇرۇش قىلدى، چېڭزۇ ئۆزى ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ زەربە بەردى. ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، خانزادىلەردىن ئون نەچچىنى ئۆلتۈردى، قوشۇندىن نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، قوغلاپ 2 ئېگىز تاغدىن ئۆتۈپ، تۇغلا دەرياسى (ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىدە) غىچە باردى. مەخمۇت قاتارلىقلار قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قوشۇننى باشلاپ قايتتى. 2 - يىلى باھاردا، مەخمۇت قاتارلىقلار ئولپان ئۇچۇن ئات ئەۋەتتى ھەمدە كەچۈرۈم سوراپ، بۇرۇن تۇتۇپ قالغان ئەلچىنى قايتۇردى، گەپ - سۆزلىرى ناھايىتى تەكەللۇپلۇق ئىدى. چېڭزۇ ئۇنىڭ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلدى. 2 - يىلى ئويراتلار ئارۇتاي بىلەن جەڭ قىلىپ، يېڭىلىپ كېتىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەخمۇت ئۆلدى.

مىنگودىن 494 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 16 - يىلى) مەخمۇتنىڭ ئوغلى توغان دادىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆتۈندى، چېڭزۇ يەنىلا ئۇنىڭغا شۇنىڭغۇاڭ ئاتىقىنى بەردى، ئەلچى ئەۋەتىپ، شىيەنيى، ئەنلېۋاڭلارغا سوۋغات تەقدىم قىلدى، ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى شۇنىڭغۇاڭغا تەزىيە بىلدۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئويراتلار يەنە ئولپان ئەۋەتىدىغان بولدى.

مىنگودىن 486 يىل بۇرۇن (شۈەنزۇڭنىڭ شۈەندى 1 - يىلى) تەيپىڭۋاڭ ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى نېغۇلاي ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا توغان ئارۇتاي بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. كېيىنكى 8 يىلدا توغان ئارۇتاينى ئۆلتۈردى، ئەلچى ئەۋەتىپ بۇنى مەلۇم قىلدى ھەمدە قاشتېشى مۆھۈر تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۈەنزۇڭ پەرمان ئەۋەتىپ، «ۋاڭنىڭ ئارۇتاينى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن، ۋاڭنىڭ كونا ئاداۋەتنى يەڭگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش بولدى. ۋاڭنىڭ ئېيتقان سۆزىگە نەزەر ئاغدۇردۇق. قاشتېشى مۆھۈرنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولدى، ھازىر ئۇ بۇ يەردە قەتئىي يوق، مۇبادا ۋاڭ ئۇنى قولغا كىرگۈزسە، ئىشلەتسە بولىدۇ» دېدى ۋە 50 كىيىملىك ئاق كەندىر رەخت سوۋغات قىلدى. مىنگودىن 476 يىل بۇرۇن (يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 1 - يىلى) توغان قوشۇن باشلاپ، تاتارلاردىن دورجى بەگنى قوغلىدى. ئۇنى قوشۇۋېلىش ئەلپازىدا بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، توغان ئۆز ئىچىدە شىيەنيىۋاڭ بىلەن ئەنلېۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پۇقراسىنى قوشۇۋالدى. ئۆزىنى خاقان جاكارلىماقچى بولغانىدى، پۇقرالىرى قوشۇلماي، بىرلىكتە توقتوبۇقانى خاقان قىلىپ تىكلىدى، ئۇ ئارۇتاينىڭ قوشۇۋالغان پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ بەردى، ئۆزى ۋەزىر بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇردى، ئۇنىڭ كۈچى ناھايىتى كۈچەيدى. ئۇ دورجى بەگكە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن دويان ياساۋۇللىرى (ھازىرقى چاخار ئۆلكىسى تەۋەسىدە) نى ئالداپ ۋە زورلاپ چېگرا قورۇلىنىڭ تۈۋىنىگە كۆز تىكتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ زېمىنى چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

**3. ئېسەننىڭ پايتەختكە باستۇرۇپ كىرىشى** مىنگودىن 473 يىل بۇرۇن (جېڭتۇڭ 4 - يىلى) توغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئېسەن ۋارىسلىق قىلدى ۋە تەيشى دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي قىسىمنىڭ ھەممىسى ئېسەنگە بېقىندى، توقتوبۇقانىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى. قايتىدىن ۋەزىرلىك تۈزۈمى ئورنىتىلمىدى. ھەر قېتىم ئولپان ئەۋەتكەندە، خان بىلەن ۋەزىر ئەلچىلىرى تەڭ كەلدى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىمۇ 2 پەرمان چۈشۈرۈپ جاۋاب قايتۇردى، مول سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئوغۇللىرىنى قەبىلە باشلىقى قىلدى. بۇرۇن ئويراتلارنىڭ ئەلچىسى 50 ئادەمدىن ئاشمايتتى، ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇنۋان - ئاتاق ۋە ئىنئام بېرىشتەك پايدىسىنى كۆرگەنلىكتىن، كۆپىيىپ 2000 دىن ئوشۇق ئادەم بولدى، نەچچە قېتىم پەرمان چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ۋەدىگە ئەمەل قىلمىدى.

بارغان - يانغان ئەلچىلەر كۆپىنچە ئۆلتۈرۈلدى ۋە تالاندى، يەنە باشقا قەبىلىلەرنى زورلاپ بۇ ئىشلارغا بىرلىكتە قاتناشتۇردى، جۇڭگودىن قىممەتلىك، ئاز تېپىلىدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلدى، ئازراقلا قانائەتلەنمىسە، ھە دېگەندە قانلىق ۋەقەلەر تۇغدۇردى. سوۋغات قىلىنىدىغان مال - مۈلۈكلەر يىلسېرى ئارتىپ باردى. ئېسەن قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ، ۋاڭ بىلەن ۋاڭ ئانىنى تۇتقۇن قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قايتتى. يەنە شاجۇ، چىجىن (ياساۋۇلخانا نامى، جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدە) موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى ياساۋۇلخانىلىرىدىن ئۆيلەندى. ئورانقايلار (رورانلارنىڭ ئايرىم قەبىلە-سى، ھازىرقى رېخې ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا) نى مەغلۇپ قىلىپ، چاۋشيەنگە تەھدىت سالدى. چېگرا سەركەردىسى ئۇلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىرنەچچە قېتىم يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. پەرمان چىقىرىپ نەسھەت قىلىشنى توختىتىپ، مۇداپىئەلىنىش بىلەن بولدى.

بۇ چاغدا مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئويراتلارغا يېتىپ باردى، ئېسەن بەزى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلدى، دېگىنىنىڭ ھەممىسى بېرىلدى، ئويرات ئەلچىلىرى كەلدى، ئادىمى ئارتىپ 3000 غا يەتتى، يەنە ئارتۇق تەمىنات ئېلىش ئۈچۈن ئادەم سانىنى ساختا مەلۇم قىلدى. شىغاۋۇل پىرقىسى ئەمەلىي سان بويىچە بەردى، تەلەپ قىلغىنىنىڭ پەقەت بەشتىن بىرى بېرىلدى. ئېسەن بۇ ئىشنى قاتتىق ھار ئېلىپ غەزەپلەندى. يەنە بۇ چاغدا ئېسەن ئات ئولپان تاپشۇردى. ھەرەمئاغىسى ۋاڭ جېن ئات باھاسىنى چۇشۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن، ئېسەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. بۇ تۇمۇباۋ ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىنگودىن 463 يىل بۇرۇن (جېڭتۇڭ 14 - يىلى) 7 - ئايدا، ئېسەن 4 يولغا بۆلۈنۈپ چېگرىدىن باستۇرۇپ كىردى:

1) توقتوبۇقا ئورانقايلارنى باشلاپ لياۋدۇڭغا تاجاۋۇز قىلدى.

2) زوراغالىق مېھكىمىسى باشلىقى ئارا شۈەنفۇ مەھكىمىسگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جىچېڭ (ھازىرقى چاخار ئۆلكىسىنىڭ چىچېڭ ناھىيىسى) نى قورشىۋالدى.

3) غەربىي يول ئاتلىق ئەسكەرلىرى گەنجۇغا تاجاۋۇزچىلىق قىلدى.

4) ئېسەن ئۆزى داتۇڭغا باستۇرۇپ كىردى. ۋاڭ جېن يىڭزۇڭنى مەجبۇرلاپ يۈرۈشكە ئېلىپ چىقتى، ۋەزىرلەر نەسھەت قىلغان بولسىمۇ قۇلاق سالمىدى. پادىشاھ مەيسى جۈيۇڭگۇەندىن چىقىپ خۇەيلەي، شۈەنفۇ مەھكىمىسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن داتۇڭغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا داتۇڭنى قوغداۋاتقان قوشۇن مەغلۇپ بولغان، قاراقچى تاجاۋۇزچىلار بەكمۇ ئەدەپ كەتكەنىدى. ھەربىي قوشۇندا ھەممىشە كېچىدە ساراسىمىچىلىك يۈز بېرىپ تۇراتتى، كىشىلەر ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى. شۇڭا تېزلىكتە قوشۇننى باشلاپ پايتەختكە قايتتى. ھەرەمئاغىسى گوجىڭ پادىشاھنىڭ زىجىڭ قوۋۇقى (يىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) دىن كىرىشنى تەكلىپ قىلدى. ۋاڭ جېن بۇنىڭغا قوشۇلماي، يەنىلا جۈيۇڭگۇەن قوۋۇقى بىلەن قايتماقچى بولدى، تۇمۇباۋ قورغىنى (خۇەيلەي ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) غا كەلگەندە، ئېسەن ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. تۇمۇباۋ قورغىنىنىڭ ئورنى ئېگىزلىكتە ئىدى. 2 گەز چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق كولىسىمۇ سۇ چىقمىدى، سۇ ئېلىشقا بولىدىغان يوللارنى دۈشمەنلەر ئىگىلىۋالغانىدى. ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلار بەكمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. ئەتىسى دۈشمەنلەر مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوزغالماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېڭىلگەن بولۇپ چېكىنىپ ماڭدى. ۋاڭ جېن بۇيرۇق بويىچە لاگېرنى يۆتكىدى. قوشۇن ئەمدىلا يۆتكىلىشى بىلەن ئېسەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۆت تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئەسكەرلەر ھەدەپ قېچىشقا باشلىدى، قوشۇن سېپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، دۈشمەنلەر سەپكە باستۇرۇپ كىردى، 6 قوشۇن تارمار بولۇپ پىتىراپ كەتتى، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. يىڭزۇڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ۋاڭ جېن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۆلدى. مانا بۇ تۇمۇباۋ ۋەقەسى ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ پايتەخت زىلزىلىگە كەلدى. ئوردا

ئەمەلدارلىرى چىڭۋاڭنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى، ئۇ جىڭدى دەپ ئاتالدى ۋە يىراقتىن يىغىزۇڭغا «خان ئاتا» دەپ ھۆرمەت بىلدۇردى.

ئىبسەن پادىشاھنى پايتەختكىچە ئۇزىتىپ قويۇش نامى بىلەن داتۇڭدىن ئۆتۈپ، زىجىڭ قوۋۇقىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل پايتەختكە باستۇرۇپ كىردى. لەشكەر پىرقىسى دىۋان بېگى يۇچيەن، تۇتۇق شى خېڭ قاتارلىقلار دۈشمەن قوشۇنىنى بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى، ئىبسەن كېچىدە قېچىپ كەتتى، لياڭشياڭدىن ئۆتۈپ، زىجىڭ قوۋۇقىغا بېرىپ، كەڭ كۆلەمدە تالان - تاراج قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. تۇتۇق ياڭ خۇڭ يەنە ئۇنىڭ قوشۇنىنى جۇيۇڭگۇەن قوۋۇقىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. دەسلەپتە ئىبسەندە جۇڭگونى كۆزگە ئىلماسلىق بار ئىدى، پايتەختكە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، سېپىل خەندەكلىرىنىڭ پۇختىلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق روھى چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا توقتوبۇقا، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئارا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. ئىبسەنمۇ پادىشاھنى ئېلىپ شىمالغا قايتتى. يۇجيەن تيەنشۇشەن تېغى (چاڭپىڭنىڭ 18 چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا)، جۇيۇڭگۇەن قوۋۇقى، جوجۇ، تۇڭجۇ، يىجۇ، باۋدىڭ، جېندىلاردا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى؛ لياۋدۇڭنىڭ جىشيەن ناھىيىسىدىن گەنسۇنىڭ چېگرا قوۋۇقى باۋسەيگىچە مۇداپىئەلىنىش كۆڭۈلدىكىدەك بولغاچقا، دۈشمەن قوشۇنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرسىمۇ، تېزلىكتە مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. مىنگودىن 462 يىل بۇرۇن (جىڭتەي 1 - يىلى) ئويراتلار پادىشاھنى قايتۇرۇپ بەردى.

ئىبسەن بىلەن توقتوبۇقا ئىچكى جەھەتتە بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ دۈشمەنلىشىپ يۈردى، ئىبسەن توقتوبۇقا جۇڭگو بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى دەپ گۇمان قىلىپ، قوشۇننى رەتكە سېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، توقتوبۇقا يېڭىلىپ قاچتى، ئىبسەن ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. مىنگودىن 459 يىل بۇرۇن (جىڭتەي 4 - يىلى) قىشتا، ئۆزىنى خاقان قىلىپ تىكلىدى، 2 - ئوغلىنى تەيشى قىلىپ، ئۆزىنى بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى تيەنشېڭ چوڭ خاقانى دەپ ئاتىدى، تيەنشېڭ تەڭرى دېگەنلىك بولىدۇ، يىلنامىنى تيەنيۈەن دەپ ئاتىدى. ئىبسەن بارغانچە مەغرۇرلىنىپ ۋە زالىملىشىپ كەتتى، ھاراق - شاراپ بىلەن ئاياللارغا بېرىلىپ كەتتى. كېيىنكى 2 يىلدا، زوراغالىق مەھكىمىسى باشلىقى ئارا ئىبسەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. يەنە تاتار قەبىلىسى تېزلىكتە كېلىپ زوراغالىق مەھكىمىسى باشلىقى ئارانى ئۆلتۈردى. ئىبسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلار زەئىپلىشىپ كەتتى، خانلىق نەسەبىمۇ ئېنىق بولماي قالدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىنى تاتارلار قايتىدىن ئىگىلىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى يەنىلا ئويراتلار ئىگىلەپ تۇردى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

1999 年第一期

总第四十六期



顾　问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

哈德尔·阿皮孜

吾甫尔·吾守尔·尼牙孜

阿不都肉甫·艾力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

买买提·阿不拉

责任编辑

阿不力孜·鄂尔浑


## 目　　录


中国地方志指导小组副秘书长兼办公室主任霍力进同志在新疆读志用志经验交流会上的讲话 …………………………………… (1)

读志用志为现实服务 …………………………………… 白玉玺(5)

自治区读志用志经验交流会在阿克苏市召开 ……………… (11)

自治区地方志编委会 1999 年工作要点 ………………………… (12)

**历史资料**

马绍武和马世明签订的篇面性和平协议及其后果 …………………………………………… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼(15)

匈奴和突厥人的国会制度 ………… 马合木提·阿不都外力(19)

在维汉文文献上记载的有关别什巴里的资料 …………………………………………… 艾合买提·苏来曼,艾比布拉(21)

龟兹回鹘王国与高昌回鹘王国的政权组织 …………………………………………… 艾尔肯·买买提(24)

**历史回忆录**

两个战俘的自述 …………………………… 托合提·伊不拉音(26)

战场见闻录 …………………………… 夏木西丁·苏皮尤夫(30)

**人名研究**

关于维吾尔人姓氏多样化的几点建议 …………………………………………… 艾合买提·肉孜·托格如力(35)

**地名研究**

关于长城、博格达、托甫阿塔尔、阜康等地名的维语称法及其起源研究 …………………………………………… 伊敏·土尔逊(40)

**历史人物**

马钟英之死 …………………………… 夏克日木·艾克热米(42)

**新疆百业**

维吾尔人的艾特莱斯绸纺织业 ……………… 瓦日斯·特肯(50)

坎儿井、挖井工具和有关坎儿井术语的初探 …………………………………………… 帕尔哈提·卡孜米(54)

**中国经营西域史**

第六章　明朝之经营西域 …………………………………… (59)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

0538737 30 90

121


新疆地方志维吾尔文(季刊)  (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市东风路8号
照　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازىر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

内部报刊准印证(XJ)1165
电话：2821715　邮政编码：830002
工本费：3.00 元

ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى: (XJ) 1165
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
تەننەرقى: 3.00 يۈەن